ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرۇش
فوندى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان
伊犁师范学院学术著作出版基金资助

# زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات

مەريەم قۇربان
ئاپتورلىرى: ئابلىكىم ئابدۇراخمان
شەرىپە غوپۇر

新疆师范大学图书馆
5000108436

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

0096669

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابدۇشۇكۇر موللەك يۈرچى
مەسئۇل كوررېكتورى : قېيۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مياۋلى

# زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات

مەريەم قۇربان
ئاپتورلىرى :ئابلىكىم ئابدۇراخمان
شەرىپە غوپۇر

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى : 830046 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى دېبېيىر كىتابخانىسى تارقاتتى
850×1168 مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 25 6
2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2008 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 0001～3000

---

ISBN 978—7—5631—2171—7
باھاسى : 17.00 يۈەن

## كىرىش سۆز

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئەدىب، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلى ۋە بىرنەچچە خىل چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە نەشر قىلىندى. 1980 - يىللاردىن كېيىن زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىرقانچە قېتىم جانلاندى ۋە بىر قىسىم تەسىرگە ئىگە ئەدەبىي ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. بىراق ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت سەپىرىنى ۋە ئەسەرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش هازىرغىچە بىر بوشلۇق بولۇپ كەلدى. «زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى بۇ ئەسەر زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشنى ئىجادىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ 2005 — 2006 - يىللىق نۇقتىلىق تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ۋە 2007 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نەشردىن چىقىرىش پىلانلانغان ئىدى. هازىر بۇ تەتقىقات تېمىسى ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى مەريەم قۇربانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى.

بۇ كىتابنى نەشردىن چىقىرىشتا، بىرىنچىدىن، زوردۇن سابىردىن ئىبارەت داڭلىق يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى، ئىجادىيەت ئەھۋالى ۋە ئاپتور ھەققىدىكى دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق

تەتقىقات يۈنىلىشىنى شەكىللەندۈرۈش، ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلى-
رىگە تولۇقراق باھا بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئىلى پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتى ئۆزىنىڭ پەخىرلىك ئوقۇغۇچىسى بولغان بۇ داڭلىق
يازغۇچى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە مەكتە-
پىمىزدە 2007 ـ يىلىدىن كېيىن «زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئى-
جادىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تاللانما دەرسنى ئېچىش ئۈچۈن
زۆرۈر پايدىلىنىش ماتېرىيالى تەييارلاشتىن ئىبارەت مەقسەتلەر
كۆزدە تۇتۇلغان.
بۇ كىتاب زوردۇن سابىرنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ۋە
زوردۇن سابىرنىڭ پروزا ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىدىن
ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇننى تەتقىق قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولۇپ، تەتقىقات شەكلى جەھەتتىن ① زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى؛ ② زوردۇن سا-
بىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت باسقۇچلىرى؛ ③ زوردۇن سابىرنىڭ
كىشىلىك قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى توغرىسىدا؛ ④ زوردۇن سا-
بىرنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى؛ ⑤ زوردۇن سابىر پوۋېستى-
لىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى؛ ⑥ زوردۇن سابىرنىڭ
«ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغ-
رىسىدا؛ ⑦ زوردۇن سابىر رومانلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى؛
⑧ «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدا؛
⑨ «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا؛
⑩ زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا، دېگەندەك بىر ـ
بىرىگە باغلانغان، 10 تەتقىقات تېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇ كىتابقا يەنە ئاپتورنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش
مەقسىتىدە، ئاپتور ئېلان قىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى نامى،



ئېلان قىلىنغان ۋاقتى، مەتبۇئات نامى، يىل تەرتىپى بويىچە
گرافىكلاشتۇرۇلدى ۋە ئايرىم نەشر قىلىنغان ھېكايە، پوۋېست توپ-
لاملىرى، رومانلىرى، ماقالىلىرى، يىل، نەشرىيات ئېنىقلىمىسى
بويىچە گرافىكلاشتۇرۇلۇپ بېرىلدى.
بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا ئاپتورلار زوردۇن سابىرنىڭ 80
دىن ئارتۇق ھېكايىسىنى، 18 پوۋېستىنىڭ 16 سىنى ۋە رومانلىرىنى
تولۇق يىغدى ۋە خاتىرە يازدى. دەلىللەرنىڭ ئېنىق، ئىشەنچلىك
بولۇشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر، مەرھۇمنىڭ ساۋاقداش-
لىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئاپتورنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى بۇ
تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئىچىگە كىردى. بۇ ئەسەر زوردۇن سابىر
ئۈستىدىكى يەككە تەتقىقات مەزمۇنىدا چەكلەنمەي، ئاپتورنىڭ پۈتۈن
ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇش، تۈرگە بۆلۈش، مۇھاكىمە قىلىش
ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى بىرقەدەر ئومۇمىي دائىرىدىن تەت-
قىق قىلىشنى نىشان قىلدى. شۇڭا بۇ كىتاب زوردۇن سابىرنى
بىرقەدەر كەڭ تەتقىق قىلىشتا زور ئىجادىيلىققا ئىگە بولۇش بىلەن
بىرگە، ئاپتور ھەققىدە بىرقەدەر تولۇق چۈشەنچە بېرىش، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن ماتېرىيال-
لىق قىممىتىگىمۇ ئىگە، شۇنىڭدەك بۇ تەتقىقات تېمىسى ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا مەلۇم بىر يازغۇچىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق
تەتقىق قىلىشتىكى بىر باشلىنىش بولۇپ قالىدۇ.
بۇ كىتابنى يېزىشقا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولو-
گىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتلىرى مەريەم قۇربان، ئابلىكىم
ئابدۇراخمان، لېكتورى شەرىپە ئابدۇغوپۇرلار قاتناشتى. مەريەم
قۇربان كىتابنىڭ باش ئاپتورى بولدى ۋە كىتابنىڭ بىرىنچى،
ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، سەككىزىنچى، ئونىنچى

تېمىلىرىنى يازدى، كىتابنىڭ سىستېمىسى ۋە مۇندەرىجىلىرى ئۈستىدە ئىشلىدى، شۇنداقلا باشقا تېمىلار ئۈستىدە زۆرۈر بولغان تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىشلەرنى ئېلىپ باردى. ئابلىكىم ئابدۇراخمان كىتابنىڭ يەتتىنچى، توققۇزىنچى تېمىسىنى، شەرىپە ئابدۇغوپۇر بەشىنچى، ئالتىنچى تېمىسىنى يازدى.

زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش بۇ كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ ئارمىنى ئىدى. لېكىن، ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق دېگەندەك قولىمىزدىكى بۇ كىتاب ئۆزىنىڭ بۇ ئارمىنىدىن خېلىلا يىراقتا قالدى. بىرىنچىدىن، بۇ كىتاب تەتقىقات تېمىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. ئىككىنچىدىن، نەزەرىيىۋى سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى يازغۇچىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتا بەزى قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. شۇڭا كىتابتا يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاپتورلاردىن

2007 ـ يىلى 12 ـ ئاي



## مۇندەرىجە

بىرىنچى زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى ………… 1

ئىككىنچى زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت باسقۇچلىرى ………… 13

ئۈچىنچى زوردۇن سابىرنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى توغرىسىدا ………… 42

تۆتىنچى زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ………… 57

بەشىنچى زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ………… 71

ئالتىنچى «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا ………… 112

يەتتىنچى زوردۇن سابىر رومانلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى ………… 124

سەككىزىنچى «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدا ………… 142

توققۇزىنچى «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە ………… 155

ئونىنچى زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا ………… 171

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى ………… 186

# بىرىنچى

# زوردۇن سابىرنىڭ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى

زوردۇن سابىر 20 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئۇيغۇر يېڭى زامان پروزا ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرگەن، بەدىئىي سەنئەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن ئۈلگە تىكلىگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان باشلامچى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

**1. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغان ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى شەكىللەندۈرگەن يازغۇچى**

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئوخشاش بولمىغان ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولىدۇ. بولۇپمۇ مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بېرى ساقلانغان ئىچكى ئېنېرگىيىسىدىن ھاسىل بولغان ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بىلەن ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئاتموسفېراسىدىن ئىبارەت تاشقى كۈچىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ھاياتى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان بىۋاسىتە مەنبەدۇر. زوردۇن سابىر 1960 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئىجادىيەتنى باشلىغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ قەلىمى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى تەرەققىياتى ئۈستىگە چۈشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول ۋە رەڭدار بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق تۈرلۈك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

تاكى 40 ـ يىللارغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا
پروزا ئىجادىيىتى ئىنتايىن ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر يېڭى
دەۋر پروزا ئىجادىيىتى ل . مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنتايىن ئاز ساندى-
كى پروزا ئاساسچىلىرى تىكلىگەن ۋە ساقلىغان ئەنئەنە ئاساسىدا
باشلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدىلا يول ئالغان
پروزا ئىجادىيىتىمىز ئېلىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى
ئەۋزەل سىياسەت تۈپەيلى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن
بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا
ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. 1958 ـ يىلىدىكى «ئوڭچى-
لارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى بىلەن سىنىپى كۈرەشنى ئۇنۇتماس-
لىق» چاقىرىقى پۈتۈن مەملىكەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە
داۋالغۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى، داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ بېشىغا
ئېغىر كۈلپەتلەر كەلدى. ئەدەبىياتتىكى رەڭگارەڭ مەزمۇننىڭ
ئورنىنى سىنىپىي كۈرەش تېمىسى، مەدھىيىلەش ۋە شوئارۋازلىق
ئىگىلەپ كەتتى، ئەدەبىياتتا تۈرلۈك قېلىپلار پەيدا بولدى، پۈتۈن
مەملىكەت ئەدەبىياتى ئۇچرىغان بۇ تالاپەتكە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ
ئۇچرىماي قالمىدى. گەرچە ئەينى يىللاردا تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان،
ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان ئەدىبلەر بايقالغان بولسىمۇ،
بىراق بەزىلىرى زەربە يەپ قەلىمىنى توختاتسا، يەنە بەزىلىرى شا-
مالغا ئەگىشىپ ماڭماقتىن باشقا يول تاپالمىدى، ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىدا ئەزەلدىنلا ئاجىز ساھە بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر پروزىسى
مۇنداق بوران ـ چاپقۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەي يوقىلىش گىردابىغا
قاراپ يۈزلەندى. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ مۇشۇنداق
قاتمال بىر ھالىتى ئىچىدە قولىغا قەلەم ئالغان ئىدى، ئۇ شېئى-
رىيەت ساھەسىدىن ئاڭلىق ھالدا پروزا ئىجادىيىتىگە كىرىپ



كەلدى ۋە قىسقا ھېكايىلىرى ئارقىلىق دەسلەپتىلا خېلى ياخشى
ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. ئەلۋەتتە زوردۇن سابىرمۇ «ئاۋرال شامالل-
رى» رومانىنى مەركەز قىلغان دەسلەپكى ئىجادىيىتىدە دەۋرنىڭ
ئومۇمىي ئېھتىياجىنى ئىپادىلىگەن ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە
ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ جانلىقلىقى، بەدىئىي تەسۋىرىنىڭ ئىن-
چىكە ۋە گۈزەللىكى بىلەن شۇ دەۋردە خېلى يۇقىرى بولغان بەد-
ئىي سەۋىيىنى ئىپادىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «ئىزدىنىش» رومانىنى
ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يىرىك بولغان رومان تۇرىدە ئا-
لاھىدە بەدىئىي سەۋىيىنى ياراتتى ۋە ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يېڭى
يولىنى ئېچىپ بەردى.

زوردۇن سابىر سولچىل ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ زىيانكەشلى-
كىنى ئەڭ بۇرۇن تونۇپ يەتتى ۋە دەرھال قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ
دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى. 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن سى-
ياسەت ئوڭشالغان ھامان زور شىجائەت بىلەن ئىشلەپ بىر ـ بىرى-
دىن ئېسىل ھەرخىل تېمىدىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، پروزى-
دىكى قاتماللىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ 1980 ـ يىلى «قەرزدار» نام-
لىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يازغۇچىلىق
تالانتى ۋە بۇرچىنى نامايان قىلدى. 1979 ـ يىلىدىن 1982 ـ يىللار-
غىچە بولغان ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا
ھېكايە، پوۋېست، رومان قاتارلىق ژانىرلاردا ئەسەر يېزىپ بۇ سا-
ھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. دېمەك زوردۇن سابىر 1980 ـ يىللار-
دىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى
زامان ئەدەبىياتىدىن كېيىن ناھايىتى قاتمال ھالەتتە تۇرۇۋاتقان
پروزا ئىجادىيىتىنى تىرىلدۇردى. ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس
سالدى.

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈ-
كىنى شەكىللەندۈرۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.
زوردۇن سابىر بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىغا ۋە-
كىللىك قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى خۇددى يازغۇچى ئەختەم
ئۆمەر ئېيتقاندەك «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەھەللىۋى ئەدەبىياتلىق
ئورنىنى يۇرت، رايون، دۆلەت ھالقىتالىغان دۇنياۋى ئورۇنغا ئىگە
قىلغان يازغۇچى».① ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىنىڭ باغلىنىشىنى، مىللىيلىكىنى شەكىللەندۈردى
ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇ خىل تەسىرى ئىككى تەرەپ-
تىن بولدى: بىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەنۇب ۋە شىمال ئەدەبى-
ياتىغا ئايرىلىپ تۇرۇشىغا خاتىمە بېرىپ، ئەدەبىياتىمىزدا مىللىي
خاراكتېرنىڭ يەرلىك خاراكتېردىن ھالقىيالماسلىقىدەك ھالىتى-
نى تۈنجى قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
يېقىنقى زامان تارىخىنى بىر تىزىق مارجاندەك ئۆز ئەسەرلىرىگە
سىڭدۈرۈپ، مىللەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن زور ئىجتىمائىي تارىخىي
ۋەقەلەرنى جانلىق تەسۋىرلەپ، مىللەتنىڭ ئېتنىك ھالىتىنىڭ
مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قامۇس خاراكتېرلىك سەھىپە ئاچتى. زوردۇن
سابىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پۈتكۈل شىنجاڭ دائىرىسىنى قەلەم
ئاستىغا ئالالىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى. ئۇ تېما دا-
ئىرىسىنىڭ كەڭلىكى، رەڭگارەڭلىكى، ئەسەرلىرىدىكى تۇر-
مۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى رەڭدار-
لاشتۇردى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا گۈزەل ئىلى تاغلىرىنىڭ
ئېتەكلىرىگە جايلاشقان يېزىلاردىن تارتىپ، تارىم، جۇڭغار

① ئەختەم ئۆمەر «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سەردار يازغۇچى زوردۇن سا-
بىر»، «تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 2002 ـ يىل 4 ـ سان.



ئويمانلىقلىرىغىچە، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئىچىگە جايلاشقان
توغراقلىقلىرىدىن تارتىپ، كەڭ يايلاقلارغىچە، شەھەر ـ رەستى-
لەردىن تارتىپ، قۇملۇق، باياۋان، زاۋۇت، كان ـ كارخانا قاتارلىق-
لارنىڭ ھەممىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ چىقىلدى...
«تاغ كەينىگە ئۆتكىچە»، «باھار بوۋاينىڭ كۆنلىرى»، «قەرز-
دار»، «ئىزدىنىش»، «ئاۋرال شامالرى»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق ئە-
سەرلىرىدە ئىلىنىڭ يېزا، شەھەر، قىشلاق تاغلىرى سۈرەتلەنگەن
بولسا، «ئۇنۇتمايمەن گۈلسارە»، «ئېھ! توپىلىق يول»، «تارىم سۈيى
كەينىگە ئاقمايدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەشقەر تۇرمۇشىنى تەس-
ۋىرلىدى. «دولان ياشلىرى»، «چايخورلار»، «كاككۇك كېلىپ قون-
غاندا» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى مەكىت تۇرمۇشىغا بېغىشلىدى. «بوش
كەلمە تۇرپانلىق»، «خەيرلىك ئىش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بولسا
تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش ۋە پائالىيەتلىرىنى يازدى.
ئومۇمەن ئۇ پۈتۈن شىجاڭنى كەزدى، ئۆگەندى، جانلىق سۈرەتلىدى.
زامان دائىرىسىدە شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىنى ئەڭ جان-
لىق ھالدا ئىپادىلىگۈچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە 20 ـ
ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەردىن تارتىپ، ئېلى-
مىزنىڭ 1990 ـ يىللاردىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلە-
رىگىچە بولغان جەريان جانلىق تەسۋىرلەندى. مۇشۇ ئەسىردە شىن-
جاڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى، ئوخشاش
بولمىغان يىللاردىكى ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى سەمە-
مىيلىك بىلەن ئىپادىلىدى. باشقىچە سۆز بىلەن ئېيتساق، ئۇيغۇر
ھاياتىنى بىر تىزىق مارجاندەك بەدىئىي سۈرەت شەكلىدە سىزىپ
چىقتى. ئۇ خەلق ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن تېمىلارنى، ۋەقەلەرنى، خەلق-
نىڭ خۇشاللىقلىرىنى، قايغۇلىرىنى دادىللىق بىلەن يازدى. زىد-

دىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى، ئۆز تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش بىلەن چەكلەنمىدى. ئۇ ئېتىقادچان بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىدە ھەرقاچان خەلققە مەسئۇل بولدى. خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن تەقدىرداش بولۇپ خەلقنىڭ غېمىنى يېدى. ئىجادىيىتىنى خەلق بىلەن بىرلەشتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مەقسىتى قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ ئىنتايىن روشەن بولغان بەدىئىي كارتىنىسى بولۇپ قالدى. مەسىلەن: 1970 ـ يىللاردىكى «ئاۋرال شاماللىرى» نى مەركەز قىلغان دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى، دېھقانلارنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا كوللېكتىپ ئىگىلىكنى سۆيۈش، ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ۋە مۇشۇ يىللاردىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن كۆلپەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولسا؛ «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى»، «خەزىنە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ خەلقنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى تەسۋىرلەندى. «ئېھ توپىلىق يول»، «چايخورلار»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «بوش كەلمە تۇرپانلىق»، «خىيال ۋە سايە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىسلاھات دەۋرىدىكى تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى جانلىق سۈرەتلىدى. «ئىزدىنىش»، «ئانا» رومانلىرىدا 1950 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى زىددىيەتلەر سۈرەتلەنگەن بولسا «ئانا يۇرت» رومانىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىنى جانلىق سۈرەتلىدى.



**2. زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئىنتايىن زور بولغان بەدىئىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بېيىتتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى**

زوردۇن سابىر مۇشۇ ئەسىردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاپتورلار ئىچىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى زور ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى ياراتتى. ئۇ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان 27 يىللىق ھاياتىدا يۈزگە يېقىن ھېكايە، ئون سەككىز پوۋېست، يەتتە تومدىن تەركىب تاپقان تۆت رومان يېزىپ نەشر قىلدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا نەسر، خەۋەر ئەدەبىياتى، دراما، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، زىيارەت خاتىرىسى قاتارلىق بەدىئىي ساھەلەردىمۇ ئەسەر ئېلان قىلدى ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر بىر ئوقۇشلۇق، ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ھەسسە قوشتى. زوردۇن سابىرنىڭ قىسقىغىنە ئىجادىيەت ھاياتىدا مۇنداق زور مېۋە بېرەلىشى ئاپتورنىڭ جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىش، ئەدەبىياتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ خىل تىرىشچانلىق ۋە روھ بۈگۈنكى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەسەرلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىنى قويماي بەدىئىي سۈرەتلىشى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا ئاز كۆرۈلگەن يېڭىلىق بولدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېمىسىنىڭ خىلمۇخىللىقى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن كۆزىمىزنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلىرىدە دېھقانلار، ئىشچىلار، زىيالىيلار، ئەمەلدارلار، يۇقىرى قاتلامدىكى سىياسىيونلار، ھەربىي گېنېراللار، داھىيلاردىن تارتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى بۇتىيا-

خانغا ئوخشاش بىكارچىلارنىڭ تۇرمۇشىغىچە جانلىق تەسۋىرلىدى. ئوخشىمىغان قاتلامغا مەنسۇپ بولغان بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتتى. ئاپتور يۇقىرىقى مول ھوسۇللىرى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ماكان جەھەتتىكى كەڭلىكى بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنى تارىختىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان گۈللىنىشكە ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئوخشىمىغان تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي سەۋىيە تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلىشى

زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەۋر روھىغا ماسلاشتۇرۇلغان، ئومۇمىي ئىدىيىنىڭ گەۋدىلىنىشى سۈپىتىدە قېلىپتا قۇيۇلغاندەك بىر خىللىقتا ئىگە بولغان ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىنى ئەڭ بۇرۇن بۇزۇپ تاشلاپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا مىللىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. زوردۇن سابىر مەيلى ھېكايە، پوۋېست، ياكى رومان يازسۇن خاراكتېر يارىتىشتا ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. ئۇ ياراتقان بەزى پېرسوناژلار ئىنتايىن روشەن ۋە خاس بولغان خۇلق، تىل، ھەرىكەت بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى. مەسىلەن: نۇرى، مۇختەر باي، ئالا، ھاشىر، گۈزەلئاي، قۇباق، بېشىر، رازاق، روزەك بەز قاتارلىقلار. ئاپتورنىڭ بۇ خىل پېرسوناژلىرى ئەبجەش ئەمەس، رەڭسىز ئەمەس، نەق ئۇيغۇر خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلىدى. بۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىمۇ، پۇچەك تەرەپلىرىنىمۇ ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۇيغۇر دېھقىنى، ئۇيغۇر سودىگىرى، ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئۇيغۇر ئەمەلدارى بولۇپ قالدى. مۇنداق ئەتراپلىق خاراكتېر يارىتىش، خاراكتېرنىڭ خىلمۇخىللىقى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە قىلدى.

(2) تەسۋىرنىڭ رەڭدارلىقى، مەنە قاتلىمىنىڭ چوڭقۇر، ھېسسىياتنىڭ دولقۇنلۇقلۇقى بىلەن ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى

زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىنچىكە تەسۋىر، كۈچلۈك ھېسسىيات، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى جەلپكارلىققا ئىگە قىلدى. ئۇ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ قويمىدى، پېرسوناژلىرىنى ئومۇمىي ئىپادىنىڭ قۇربانى قىلىۋەتمەي، تىرىك ئادەملەردەك تەسۋىرلەپ ھەقىقىي قېنى ۋە گۆشى بولغان بەدىئىي ئوبراز ۋە تىپ سەۋىيىسىگە كۆتۈردى. ئوبراز يارىتىشتىكى مۇنداق ئىنچىكە، ئېنىق بولغان تەسۋىرلىرى ئەسەرلىرىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان بولسا، كۈچلۈك ھېسسىيات ئەسەرلىرىنى دولقۇنلۇق خاراكتېرگە ئىگە قىلدى. خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، ئىدىئوملار، خەلق قوشاقلىرى قاتارلىقلارنى ئەسەرلىرىدە قوللىنىش ئارقىلىق مەنە قاتلىمىنى ئاشۇردى. دېمەك، زوردۇن سابىرنىڭ يېزىش تېخنىكىسى بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزغا تەسىر كۆرسەتتى ۋە كۆرسەتمەكتە.

زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى نەزەرىيە سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، ئەدەبىياتقا دائىر بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر قاراشلىرىنى، تەجرىبىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى 21 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىجادىيەت

ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى، ئەسەر سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىقلارغا زور مەدەت بېرىدۇ .

**3. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر پروزا ئىجادىيىتىدە بەدىئىي ژانىرلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشتى**

ئۇ 80 – يىللارنىڭ بېشىدا «خەيرلىك ئىش»، «ۋاپادارلار»، «سۇبھى» قاتارلىق پوۋېستلىرىنى ئېلان قىلىپ، تېخى يوقنىڭ ئورنىدا تۇرۇۋاتقان پوۋېست ئىجادىيىتى ئۈچۈن بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىك ئېلىپ كىردى. زوردۇن سابىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پوۋېست ئىجادىيىتى جانلاندى، شۇنىڭدەك زوردۇن سابىر پوۋېست ئىجادىيىتىدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئۇنىڭ پوۋېستلىرى بىر – بىرىدىن سۈپەتلىك چىقتى، «سۇبھى»، «ۋاپادارلىق»، «خەيرلىك ئىش»، «قېنى، بۇ باغلار»، «ئاخىرقى پادىچى»، «كەچ كۈز»، «خىرە دېرىزە» قاتارلىق پوۋېستلىرى ئۇيغۇر پوۋېست ئىجادىيىتىدە ئەڭ داڭلىق پوۋېستلار بولۇپ قالدى.

زوردۇن سابىر يەنە رومان ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. 1983 – يىلى «ئىزدىنىش» رومانىنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زور زىلزىلە قوزغىدى. ئاپتورنىڭ بۇ رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كېيىنكى يىللاردا ئارقا – ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان رومان ئىجادىيىتىگە تۈرتكە بولدى. «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنى ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە قىلدى. بۇ رومان ئارقىلىق ئاپتور رومانچىلىقىمىزغا زور تارىخىي چىنلىق، كۈچلۈك مىللىي روھ ۋە قويۇق مىللىي مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.



**4. زوردۇن سابىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن يازغۇچى**

زوردۇن سابىر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن، قەدەممۇقەدەم ئالغا باسقان يازغۇچى. 1970 – يىللارنىڭ بېشىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەشىق دەۋرى دېسەك، «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئاپتورنىڭ پىشىپ يېتىلگەن قەلەم كۈچىنى ئىپادىلىگەن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ ھېكايىسىدىن كېيىن ئوخشىمىغان ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە ئەسەر ئېلان قىلىپ ئۆز ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. 1980 – يىللارنىڭ ئاخىرى ئاپتور تېخىمۇ زور شىجائەت بىلەن ئىشلەپ ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى. ئۇ جاپاغا چىدىدى، ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇردى، ھەر قەدەمدە ئالدىغا ماڭدى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىدا دۆلەت چېگراسىدىن ھالقىپ قەلىمىنى خەلقئارا تېمىلارغىچە كېڭەيتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ خەلقئاراغا يۈزلەنگەن يازغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «ياۋروپاغا سەپەر»، «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا»، «سىزىق ئادەملەرگىلا»، «ھاجىم ھەققىدە ئىغۋالار» قاتارلىق داڭلىق ئوچېركلىرى ئۆزگىچە تەمى بىلەن ئەدەبىياتىمىزدا چاقناپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ خېلى زور سالماقتىكى ئەسەرلىرى ئوخشىمىغان مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئوخشىمىغان مىللەت ۋە دۆلەت خەلقلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل بولالىدى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، چەت ئەلدىكى نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك دوستلار زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنى ۋە ئۇيغۇرلارنى چۈشىنىشكە باشلىدى. مەسىلەن: گابائىن خانىم «مەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە زوردۇن سابىر ئەپەندىدەك كىتابنى كۆپ ئوقۇغان

ئۇيغۇرنى ئۇچراتمىغان ئىدىم»① دېدى. شۇنىڭدەك بىر قىسىم چەت
ئەل ئوبزورچىلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئوبزورلارنى ئېلان
قىلدى. مەسىلەن: گېرمانىيىلىك ئوبزورچى توماس فوبىر «مەن
ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا ئۇنىڭ «خەيرلىك
ئىش» ناملىق پوۋېستىغا باھا بېرىپ: «بۇ پوۋېست سودا ـ سېتىق
ئىشلىرى تېخى ئەركىن قويۇۋېتىلمىگەن مەزگىلدە يېزىلغان. ئە-
سەردە زوردۇن ئەپەندى پېشقەدەم دېھقانىنىڭ يەرگە بولغان مۇھەببە-
تىنى، ياش كېلىنىنىڭ ئىشچانلىقىنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق
بىلەن مەدھىيىلىگەن» دەپ زوردۇن سابىرنىڭ ئالدىن بايقاش ئىق-
تىدارىغا ئالاھىدە باھا بەردى. ئۇنىڭ «سىزىق ئادەملەرگىلا» دېگەن
ئەسىرى غەربىي گېرمانىيىدە ئېلان قىلىنىپ، گېرمانىيە خەلقى
ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى ۋە گېرمانىيىدىكى بەزى مەت-
بۇئاتلار ئوبزور ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە يۇقىرى باھالارنى
بەردى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇشۇ ئەم-
گەكلىرى بەدىلىگە ئۇيغۇر ئەدىبلىرىدىن خەلقئارا «فايسال ئەدەبى-
يات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن يازغۇچى بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن، 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تىلغا ئېلىنغاندا،
زوردۇن سابىرنىڭ يىرىك رومان، پوۋېستلىرى ۋە خىلمۇخىل ھې-
كايىلىرى ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتىدۇ. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان
ھەقىقەت. شۇڭا زوردۇن سابىرنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتى
ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ئىشتۇر.

① توماس فوبىر «مەن ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم»، شىنجاڭ گېزىتى 285 ـ
سان.



## ئىككىنچى
## زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ
## ئىجادىيەت باسقۇچلىرى

زوردۇن سابىر 1960 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە
كىرىشكەن بولۇپ، 1961 ـ يىلى تارىم ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ئاق
ئۆرۈك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىپ كەلدى.
1970 ـ يىللاردىن كېيىن قەلىمىنى پروزىغا يۆتكەپ، تاكى ئاخىرقى
تىرىلوگىيىسى «ئانا يۇرت» نى ئىجاد قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا
ئىزچىل ھالدا پروزا بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئى-
جادىيىتىدە زور تىرىشچانلىق بىلەن ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئە-
سەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا زور
تۆھپە قوشتى. ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئۇ
ئەدەبىياتنىڭ شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، دراما، كىنو سېنا-
رىيسى، ئوچېرك، ئەدەبىي خاتىرە، خەۋەر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي
ئوبزورچىلىق قاتارلىق ساھەلەرگىچە ئەسەر ئېلان قىلدى. بۇنىڭ-
دىن باشقا ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ تەتقىقاتىغا دائىر بىر قىسىم ئىلمىي
ئەمگەكلەرنىمۇ ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە
پروزا ئىجادىيىتى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر پروزىچىلىقى-
دىكى ئۆلمەس تۆھپىكار بولۇپ قالدى.

زوردۇن سابىر 1937 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى
يېڭىتام يېزىسى، بوستان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەل-
گەن، ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، دادىسى
سابىرئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى باشتىن كە-

چۈرگەن. ئۇ ئائىلىسى نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن باشلانغۇچ مەكتەپكىمۇ كېچىكىپ كىردى. لېكىن ئۆيدىلا خەت ساۋاتىنى چىقارغان بولغاچقا بىرىنچى سىنىپقا ئەمەس، ئىككىنچى سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغان. ئۇ 1954 ـ يىللارغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ، شۇ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتىغا (ھازىرقى ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) ئوقۇشقا كىردى. 1957 ـ يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىلى گېزىتى ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ۋە شۇ يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بېرىپ 1964 ـ يىلىغىچە مەزكۇر مەكتەپتە ئوقۇش، ئوقۇتقۇچىلىق، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1964 ـ يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بۇ مەزگىللەردە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن باشقا شېئىر ۋە ھېكايىلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان. 1979 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1981 ـ يىلى بېيجىڭدىكى لۇشۈن نامىدىكى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا ئىجادىيەت بىلىملىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان، شۇ يىلى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ، كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1987 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سابىق غەربىي گېرمانىيىگە بېرىپ، ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي لېكسىيىلەرنى سۆزلىگەن ھەم بۇ لېكسىيىلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1988 ـ يىلى تەكلىپ بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە زىيارەتتە بولغان. 1998 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 61 يېشىدا كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان.



زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېلىمىزدىكى زور ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگىمۇ ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى، دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى بولغان.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدە ئۇتۇقلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ھەر خىل ئەدەبىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1979 ـ يىلى «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 1981 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك «ئىجادىيەت» مۇكاپاتىغا، «قوبۇلخانىدا» ناملىق ھېكايىسى 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» ناملىق ھېكايىسى 1990 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، «ئىزدىنىش» رومانى 1983 ـ يىلى رومان ئىجادىيىتى بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «قوشنىلار»، «قەرزدار» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ كەسپىي جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن 1 ـ دەرىجىلىك كەسپىي يازغۇچى بولۇپ باھالانغان. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ مەملىكەت دائىرىسىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب، تۈرك، گېرمان، ئىنگلىز تىللىرىغا تەرجىمە



0096669

قىلىنىپ چەت ئەللىكلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

زوردۇن سابىر 1940 ـ يىللاردىكى زۇلۇم ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش دولقۇنى ئەۋج ئۇرۇۋاتقان يىللاردا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ نامرات دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقىشى ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئىرادە، ئېگىلمەس روھنى پەيدا بەردى. ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا يېتىلدۈرگەن كىتابخۇمارلىق تەبىئىتى ئۇنىڭدا ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىن ئىشتىياقنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئاپتورنىڭ «مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە» ناملىق ماقالىسىدا يازغان ئەسلىمىلىرىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا كىتاب ئوقۇيدىغان، كىتابنى ئوقۇش بىلەنلا قالماي، ئوقۇغان كىتابلىرىدىن خاتىرە يېزىپ قالدۇرىدىغان ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. بۇ بىزگە زوردۇن سابىرنىڭ يېزىقچىلىق مەشقىنىڭ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتى 1960 ـ يىللاردىن كېيىنلا شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئاشكارا ئېلان قىلىندى. ئۇ ئىجادىيەت سېپىگە شېئىرىيەت بىلەن كىرىپ، 1960 ـ يىلدىن 1970 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا «ئىلى دەرياسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان شېئىرلىرى 30 دىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «غەلىبە ناخشىلىرى» دېگەن شېئىري توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بۇ شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېڭى جۇڭگونى مەدھىيىلەش، يېزىلاردىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەش، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان، يۇرتىغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلغان. قۇرۇلما جەھەتتىكى



قىسقا، ئەپچىللىكى بىلەن شۇ دەۋر شېئىرىيىتى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. كېيىن پروزا بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. بىز ئاپتورنىڭ پۈتكۈل پروزا ئىجادىيىتىنى مەزمۇن ۋە بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتىن سېلىشتۇرساق تۆۋەندىكىدەك تۆت تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلەلەيمىز:

## 1. ئاپتورنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچى

بۇ باسقۇچ 1970 ـ يىلىدىن 1978 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىجادىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى «ئاۋرال شامالىرى» رومانى بىلەن بىر قىسىم ھېكايىلىرىنى مەركەز قىلغان دەۋر. ئاپتور 1970 ـ يىللاردىن كېيىن پروزا ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللاندى. بۇ يىللاردا «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە»، «سەھەرچى»، «دوستۇمنىڭ تارىخى»، «ئونىنچى سىنىپنى ئەمدى تۈگەتتىم»، «سىرداش قەلبلەر»، «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»، «كومبايىن»، «ئورمان مۇھاپىزەتچىسى»، «تۆھپە» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلدۇردى ۋە «ئاۋرال شامالىرى» ناملىق رومانىنى يازدى. ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە ھېكايە ئىجادىيىتى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، تېما دائىرىسى جەھەتتىن ئىلى رايونىدىكى يېزىلارنىڭ ئۆزگىرىشلىرى، دېھقانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى مەنبە قىلىنغان. دېھقانلارنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى سوتسىيالىزمنى سۆيۈش تۇيغۇلىرىنى ۋە ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى، كوللېكتىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. 1971 ـ يىلى ئىلى گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» ناملىق ھېكايىسىدە سەيپى، ئاسلىبېك، مەرۇپ قاتارلىق مالچىلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ ماللىرىنى قۇتقۇزۇش جەريانىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى

تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىنى، كوللېكتىۋىزملىق
روھىنى مەدھىيىلىگەن. «ئورمان مۇھاپىزەتچىسى» ناملىق ھېكا-
يىسىدە دۆلەت ئورمىنىغا قارايدىغان ئورمان مۇھاپىزەتچىسى جەپە
بىلەن دادۇيجاڭ ئەبەي ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردە
ئەبەي دۇينىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياغاچ ھەل قىلماقچى بولىدۇ. ئۇ
دادۇينىڭ مەنپەئىتىنى دەپ جەپەدىن كۆپرەك قارىغاي كەستۈرۈش
مەقسىتىدە ئۇنىڭغا سوۋغات بەرمەكچى بولىدۇ، بىراق كوللېك-
تىپنىڭ مۈلكىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان جەپە ئۇنىڭ بۇ تەلى-
پىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئەبەينى قايىل قىلىپ بەلگىلەنگەن ئۆلچەم
بويىچە ياغاچ كېسىپ بېرىدۇ. ئاپتور جەپە بىلەن دادۇيجاڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى بۇ ئىشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ شەخ-
سىيەتسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ ئەسەر ۋەقە-
لىكىنىڭ بىر قەدەر ئەگرى- توقاي بولۇشى، پېرسوناژلار خاراك-
تېرىنىڭ بىر قەدەر يوشۇرۇن بېرىلىشى بىلەن شۇ دەۋرگە نىسبە-
تەن خېلى ياخشى سەۋىيىنى ياراتقان. «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»
ناملىق ھېكايىسىدە ئاق كۆڭۈل، ھالاللىق بىلەن ئىشلەيدىغان باھار
بوۋاي بىلەن شەخسىيەتچى ھادىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەس-
ۋىرلىنىپ، باھار بوۋاينىڭ ئەمگەكچانلىقى، كوللېكتىپنى قىز-
غىن سۆيىدىغان روھى يېپ ئۈچى قىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەمگەك سۆيەر تەبىئىتىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ. «كومبايىن» ناملىق
ھېكايىسىدە نادىر بىلەن خۇشتارخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت،
خۇشتارخاننىڭ شەخسىيەتچى ئاكىسى ئېدەم بىلەن بولغان قارشى-
لىقى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەيدۇ. ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى
خۇشتارخان ئەمگەكچانلىقى بىلەن «كومبايىن» دېگەن لەقەمگە ئىگە
بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ بىلىم ئېلىشقا قىزىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ



شەخسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئاكىسى ئېدەم ئۇنىڭ ئوقۇشىغا
يول قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئاپتور بۇ
ئارقىلىق خۇشتارخاننىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى بىلەن بىلىمگە
ئىنتىلىش روھىنى مەدھىيىلەيدۇ. «تۆھپە» ناملىق ئەسىردە
پۇرسەتپەرەس، سىياسەتۋاز، شامالغا ئەگىشىپ ئىش كۆرىدىغان،
شۆھرەت بىلەن ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئالىمجان، ئايۇپ قاتار-
لىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ كەپشەرلەش
كەشپىياتىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان شۆھرىتىنىڭ
ئەپت بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. «ئەپۇ» ناملىق ئەسىرىدە بوس-
تان دادۇي شۇجىسى زاھىر بىلەن شەھەر باشلىقى قۇددۇس ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئەمەلىي نەتىجە بىلەن شوئارۋازلىق ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت تەسۋىرلىنىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقى ئەسەرلىرىدە سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە مەيدانغا
كەلگەن ئاق كۆڭۈل سەممىي دېھقانلارنى، جان - دىل بىلەن خەلق
ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئەل سۆيەر يېزا كادىرلىرىنى مەدھىيىلەش
بىلەن بىرگە، شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك قاتارلىق ئىل-
لەتلەرنى قامچىلاشنى مەركەز قىلغان. سەممىيلىك، كوللېكتى-
ۋىزملىق روھ بىلەن ساختىپەزلىك، شەخسىيەتچىلىك، قاقتى -
سوقتى قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ئاساسىي سۇ-
ژېت قىلىنغان. ئاپتورنىڭ دەسلەپكى پروزا ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان بۇ ئەسەرلىرىدە گەرچە پېرسوناژلارنى نۇقسانسىز تەس-
ۋىرلەش، ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەرنى كۆپتۈرۈش قاتارلىق
يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاپتور پېرسوناژلارنى
سۈرەتلەشتىكى تالانتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ دولقۇنلۇق بو-
لۇشى، تەسۋىر ۋە تىلىنىڭ جانلىقلىقى بىلەن ئۆزگىچە قەلەم كۆ-

چىنى نامايان قىلغانىدى. ئاپتورنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتىگە
ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەسىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپى-
دىن 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئاۋرال شامالللىرى» ناملىق رو-
مانى بولۇپ، بو روماندا ئىلى دېھقانلىرىنىڭ 1960 ـ يىللارنىڭ بې-
شىدا كەچۈرگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشى كەڭ تەسۋىرلەنگەن، ئېلىد-
مىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئومۇمىي قىياپىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى
خېلى چوڭقۇر يورۇتۇلغان. ئىلى يېزىلىرىنىڭ قىياپىتى جانلىق ۋە
ئۆزگىچە يول بىلەن سۈرەتلەنگەن. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاق كۆ-
ڭۈل، ئەمگەكچان، ساددا، قىزغىن خاراكتېرى خېلى يارقىن ئىپا-
دىلەنگەن. ئاپتور بۇ رومانىنى ناھايىتى قىزغىن ۋە يۇمۇرلۇق تۈس
بىلەن يازغان بولۇپ، زىۋىرشاھ، ئەكبەر، پاتىمە، ئاسىم قاتارلىق
ئوبرازلار ئۆزىگە خاس روشەنلىكى بىلەن ئەينى دەۋردىكى بەدىئىي
ئىجادچانلىقنى نامايان قىلغان. شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، كې-
يىنكى ۋاقىتلاردا ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە-
ۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە قىلىنىشى، پېرسوناژلىرىنىڭ
«يۇملاق»لىششى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلگىرىلەپ، بەزىبىر ما-
ھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ
ئۇسلۇبى، يېزىش ئادىتى مۇشۇ ئەسىرى بىلەن مۇقىملىققا ئېرىش-
كەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرى، سۈژېت قۇراشتۇرۇش، تىل
ئىشلىتىش، پېرسوناژلارنى سېلىشتۇرما زىددىيەت ئىچىدە سۈرەت-
لەش قاتارلىق ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ پىشىپ يېتىلى-
شىدە مۇشۇ رومان ئاساس بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە دائىم
قوللىنىلىدىغان پېرسوناژنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۈرەتلەشتەك ئېس-
تېتىك پرىنسىپى «ئاۋرال شامالللىرى» دىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.
مەسىلەن: ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرىدە گۈزەل يېزا قىزى پاتىمەنى



سۈرەتلەشتە ئىشلەتكەن تەسۋىرلىرى ئاخىرقى رومانى «ئانا يۇرت»
تىكى پەرىخە، سەبىخە، زەيتۇنە قاتارلىقلارنىڭ پورترېتىنى سۈرەت-
لەشتە ئىشلەتكەن تەسۋىرلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى
بىر قانچە نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئاپتور ئۆزى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان دېھقانلار
تۇرمۇشىدىن تېما تاللىدى. ئاپتورنىڭ بۇ دەۋرگە مەنسۇپ ھېكايە-
لىرى ئاساسەن دېھقان ھاياتىغا بېغىشلاندى. بۇ ئاپتورنىڭ دېھقان-
لارنى چۈشىنىش دەرىجىسى ۋە ئۇلارنى سۆيۈش ئېڭىنىڭ بەلگە-
سىدىن ئىبارەت. دېھقان ھاياتى ئۇنىڭ قېنى بىلەن گۆشىگە ئايلان-
دى. «تۇرمۇش ئىجادىيەتنىڭ ماتېرىيال بۇلىقى، تەسەۋۋۇر بۇلىقى،
سەنئەتكار تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ ئەسەر يازالمايدۇ. سەنئەتكارنىڭ
تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىدۇر. تۇرلۇك
بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ماتېرىياللىرى، تېما، بەدىئىي مۇھىت، تو-
قۇلما قاتارلىق ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تۇر-
مۇشتىن ھاسىل قىلغان تەجرىبىسىنى ئاساس قىلىپ قالماستىن،
بىلىمى، ماھارىتى، ئۇسلۇبى قاتارلىق ئىجادىيەت خاسلىقىمۇ تۇر-
مۇشنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.»①

يازغۇچىلىق بايقاشقا، تاللاشقا موھتاج، شۇ چاغدىلا مەلۇم
ساھەدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقىلى بولىدۇ. زوردۇن سابىر دەس-
لەپكى ئىجادىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقىدى ۋە ئۆزىنى
تەڭشىيەلىدى. زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ دېھقان ھاياتى
بىلەن بىرىكىشى ئۇنىڭ كېيىنكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسى بولدى.

① مەريەم قۇربان: «ئېستېتىكا نەزەرىيىسىدىن ئاساس»، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى، 248 ـ بەت.

زوردۇن سابىر كىچىكىدىن تارتىپ دېھقان ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، كېيىنمۇ بىر مەزگىل دېھقان ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، دېھقانغا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىغان يازغۇچى. شۇڭا ئۇ ئۇزىنىڭ تالانتىنى مۇشۇ ساھەدە يېتىلدۈردى، ئۆزى ئەڭ تونۇش بولغان تۇرمۇش ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، دەسلەپتىلا بىر قەدەر جانلىق ئوبرازلارنى ياراتتى. ئەسىرىنى قويۇق مىللىي تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ئۆزى ئۆسۈپ يېتىلگەن ئىلى يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ خاراكتېرىنى ياراتتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، قەيسەر، خۇش پېئىل، ئەمگەكچان تەبىئىتى بۇ دەۋردىكى پېرسوناژلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولدى. دېھقانلارنى يازغاندا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى يازدى، ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، مەردلىك ۋە ئەپۇچانلىق ئۇنىڭ دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېرى بولدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى دېھقانغا ئوقۇلغان كۈيلەر، دېھقان ئۈچۈن ياش تۆككەن مەرسىيىلەر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دېھقانچە گۈزەللىككە ئىگە بولالىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ساپ ھاۋا، تاغ گۈللىرى، توپا پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ تىلى دېھقان تىلىدىن پىشىپ چىقتى، ئۇنىڭ تىلىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ بىز پاساھەت دەپ ئاتايدىغان جۈملىلەر، سۆزلەر يوق. سىدام، كۆركەم تەسۋىردىن تامغان ساددا، تۈز ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك دېھقان تىلىدۇر. مەسىلەن، تۆۋەندىكى جۈملىگە قاراپ باقايلى:

« ـــ يەرلا بولسا بىر ئامال قىلغىلى بولار، يامان يەر يوق، يامان ئەر بار»① دېدى ئاغزىغا ناسۋال سېلىۋاتقان دېھقان.

ئىككىنچىدىن، ئاپتور تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ساددا

① ز.سابىر «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى»، «شەبنەم» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.



كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۆھرەتپەرەسلىك، ئاچ كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنى يەڭگىل رەت قىلىش بىلەن بىرگە بۇيرۇققۇۋازلىق، پۇرسەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، كۆرەلمەسلىككە ئوخشاش ناھەقچىلىكلەرگىمۇ قامچا سالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كۈچلۈك بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىكنى مەنبە قىلغان مىللىي پۇراق بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولدى. گەرچە ئۇنىڭ ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېردە دەۋرگە خاس قىزغىنلىق بولسىمۇ، لېكىن پېرسوناژلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان پەرقى ناھايىتى گەۋدىلىك بولدى. ئۆزىگە خاس مىجەزگە، ھەرىكەتكە ۋە تىل ئىپادىلىرىگە ئىگە قىلىندى. مەسىلەن: «باھار بوۋاينىڭ كۈنلىرى» دېگەن ئەسەردىكى باھار بوۋاي بىلەن ھادىل، «ئاۋرال شاماللىرى» دىكى سۇلايمان گۇر ـ گۇر، ئاسىم، پاتىمە، ئەكبەر قاتارلىقلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خۇش پېئىل، چاقچاق خۇمار خاراكتېرىنى جانلىق ئىپادىلىدى.

تۆتىنچىدىن، تىل ۋە قۇرۇلمىسى ئەپچىل بولۇپ، ئەينى يىللاردىكى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلدى. ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتە يېتىلدۈرگەن پېرسوناژلارنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈش، سۇژېتنى تېز سۈرئەتتە بېرىش، دىئالوگ ۋە تىل قۇرۇلمىسىدا ئەپلىك بولۇش قاتارلىق ئىجادىيەتتىكى خاسلىقى شۇ ۋاقىتلاردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە يازغان داڭلىق پوۋېست ۋە رومان ئىجادىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىدە بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى مۇھىم رول ئوينىدى. ئاپتور بۇ ھەقتە توختىلىپ

«ناۋادا مەن ئاۋرال شامالىلىرىنى يازمىغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە بىر قەدەر ياخشى باھاغا ئېرىشىۋاتقان ئەسەرلىرىمنىمۇ يازالمىغان بولاتتىم.»① دېگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن بىز ئاپتورنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىجادىيەت تولغاقلىرىدا ئالدىرىماي پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى، بىر قەدەر پىش- قان چاغدا ئەسەر ئېلان قىلغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. ئاپتورنىڭ دەسلەپتىكى ئىجادىيىتىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ھازىرقى مۇ- ۋەپپەقىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆزەتكىنىمىزدە ئاپتورنىڭ كەمچىلىكلىرى: ئەسەردە ھەددىدىن ئارتۇق قىزغىنلىقنىڭ ئىپادى- لىنىشى، پېرسوناژلارنى يەككە ھالەتتىن تەسۋىرلىشى، تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى ئاددىي يولدا بىر تەرەپ قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەل- ۋەتتە بۇ تەرەپ ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس.

### 2. ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى تەرەققىيات باسقۇچى

1978 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان بىر قانچە يىلنى ئاپتور بەدىئىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تە- رەققىيات باسقۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ. يەنى «دولان ياشلىرى»، «- قەرزدار» قاتارلىق ھېكايىلىرى بىلەن «ئىزدىنىش» رومانلىرىنى دەۋر قىلغان مەزگىل. 1978 ـ يىلىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومى- تېتىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەدەنى- يەت زور ئىنقىلابىغا ئومۇميۈزلۈك باھا بېرىلىپ ئېلىمىزنىڭ ئا- ساسىي نىشانى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى. خاتا دېلولار ئومۇميۈزلۈك ھالدا تۈزىتىلىپ، مەدەنىيەت سېپىدىكى

---

① «تارىم» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىللىق 3 ـ سان 129 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.



سولچىل لۇشيەنىنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان زىيالىيلار قايتىدىن يورۇقلۇققا چىقتى. دەۋرىمىزدىكى تولۇپ ـ تاشقان قىز- غىنلىق يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىگىمۇ زور ئىلھام بەخش ئەتتى. جۈملىدىن بۇ پايدىلىق بولغان كەڭرى گۈللىنىش، سەنئەتكە بول- غان كەڭ يول يازغۇچىنى سۆيۈندۈردى. ئۇ روھىي جەھەتتىكى ئەر- كىنسىزلىكنى تاشلاپ زور ئىشتىياق بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتى. ئۇنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى مەيلى تېما دائىرىسى ياكى مەزمۇنى جەھەتتىن بولسۇن ئاجايىپ ئىلگىرىلەشنى نامايان قىلدى. بۇ يىللاردا ئۇ «دولان ياشلىرى»، «قەرزدار»، «قوبۇلخاندا»، «ناخشىچى»، «خەزىنە»، «قوشنىلار»، «ۋاپادارلىق»، «سۇبھى» قا- تارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە «مەدە- نىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ھەددىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىنىڭ خەلق ئاممىسىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا بولغان زەھىرى تەنقىدلەندى. ئۇنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى بىلەن «قەرزدار»،«دولان ياشلىرى» نامىلىق ھېكايىلىرى بۇ دەۋردىكى مۇ- ۋەپپەقىيىتىنى نامايان قىلغان ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىدۇر. «قەرز- دار» ھېكايىسى تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئەسەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بالا- يىئاپىتىنى ئەڭ بالدۇر ئېچىپ تاشلىغان ئەسەردۇر. ئاپتور ئەينى يىللاردا دادىللىق بىلەن دېھقانلارنىڭ قورساق مەسىلىسىنى، دېھ- قانلارنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇسىنى چىنلىق بىلەن ئېچىپ بېرىپ، ئې- لىمىزنىڭ جاراھەت ئەدەبىياتىدىكى باشلامچىلىرىدىن بىرى بولدى. ئەسەردىكى تۇرغان لېۋىر قورساق تويمايدىغان بۇنداق كوممۇنانى بۇزۇپ تاشلاش شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئارقىلىق شوئارۋازلىق، بيۇروكراتلىق، ساختىلىققا بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن تىپىك پېرسوناژدۇر. ئۇنىڭ

خاراكتېرىدىكى قارشىلىق ۋە تەقدىرىدىكى تراگېدىيىلىك قىسمەت
كەڭ جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە تەقدىرىگە ۋەكىللىك
قىلالايدۇ. بۇ ئەسەر ئېلىمىزدە تۇنجى قېتىم «تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە كۈچلۈك غۇلغۇلا
قوزغىغان، «سىنىپ مەسئۇلى»ناملىق ھېكايە بىلەن تەڭ دېگۈدەك
ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئېلىمىز جاراھەت ئەدەبىياتىدىكى
داڭلىق ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. بۇ يىللاردا ئاپتورنىڭ
يەنە بىر ئېسىل ئەسىرى «دولان ياشلىرى» ئېلان قىلىنىپ، مەم-
لىكىتىمىز دائىرىسىدە زور تەسىر قوزغىدى. بۇ ئەسەردە ئاپتور
كەنجىدىن ئىبارەت ئىلغار ياشنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى ۋە ئۇنىڭ
ئۆزگىرىش جەريانىنى نۇقتا قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقان سولچىل
ئىدىيىنىڭ، سىياسىي شوئارۋازلىقنىڭ ياشلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا
ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى ناھايىتى گۈزەل ھېكايە سۇژىتى ئىچىدە
ئېچىپ بېرىدۇ. ئەسەردىكى كەنجى بىلىملىك، ئىرادىلىك، مەلۇم
ماھارەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۇرگەن يېزا ياشلىرىنىڭ بىرى، بىراق ئۇ
دولان ئۇسسۇلى ۋە مۇقاملىرىنى تۆت كونا دېگەن بەتنام بىلەن ياق-
تۇرمايدۇ. مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ئاتىسى پالتاخۇن ۋە سەنئەت خۇمار
قىز ئاسىدە بىلەن توقۇنۇشتا بولىدۇ، ئاتىسى ئۇنى دولانلىقنىڭ
پۇشتى ئەمەس دېسە، ئاسىدە ئۇنى «بۇت» دەيدۇ، ئۇسسۇل بىلمە-
گەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى قىزلار ياراتمايدۇ، بارلىق ئارتۇقچىلىقىمۇ
باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، 30 دىن ئاشقان بولسىمۇ
ئۆيلىنەلمەيدۇ، ئاپتور مانا مۇشۇنداق مىللىي مەدەنىيەتنى سۆيگۈ-
چىلەر بىلەن كەنجى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تەسۋىرلەش ئار-
قىلىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ھەددىدىن ئاشقان سول-
چىل ئىدىيىۋى خاھىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مىللىي مەدە-



نىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى، ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان مۇھەببە-
تىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «خەزىنە»، «ناخشى-
چى»، «خەيرلىك ئىش»، «ۋاپادارلار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئارقا ـ
ئارقىدىن ئېلان قىلدى. «خەزىنە»ھېكايىسىدە سىياسەتۋاز، شامالغا
ئەگىشىپ ئىش قىلىدىغان، پۇرسەتپەرەس، باشقىلارنىڭ ئىشىنى
ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان سەئىدى ئوبرازى ئارقىلىق تۆت كىشىلىك
گۇرۇھنىڭ زىيالىيلار ئۇستىدىكى زوراۋانلىقى تەنقىد قىلىنىدۇ.
«ناخشىچى» ناملىق ئەسىرىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئەگ-
رى ـ توقاي يوللار بىلەن ئۆسكەن ئابدۇل بىلەن ئۇنىڭ زىيانكەش-
لىكىگە ئۇچرىغان دوستى جانى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەت
تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، تارىخنىڭ رەھىمسىزلىكى، زورلۇق ـ
زومبۇلۇقنىڭ ھامان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە يامانلىق ئېلىپ كېلى-
دىغانلىقىنى ئېچىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ بۇ يىللاردىكى ئىجادىيە-
تىنى ئەڭ يۇكسەك ئورۇنغا كۆتۈرگەن ئەسىرى «ئىزدىنىش» رومانى
بولۇپ، رومان ئالاھىدە بەدىئىي ئۇنۇم بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىيات
سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالدى. روماندا ئېلىمىزنىڭ 1950 ـ يىل-
لاردىن تارتىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان دەۋر-
لەردىكى بىرقەدەر ماھىيەتلىك بولغان سىياسىي ـ ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ۋەقەلىكلىرىنىڭ دولقۇنلۇق-
لىقى، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ھېسسىيات تۇسىنىڭ
كۈچلۈكلۈكى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارقىنلىقى بىلەن ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدا يېڭىچە بىر قىياپەتنى نامايان قىلىدۇ. ئەلا، گۈزەلئاي،
ھاشىر، ئادىلە، رەقىب قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپ-
پەقىيەتلىك يارىتىپ، ئۆزىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ماھارىتىنى
كۆرسەتتى. ئەلا ئوبرازى ئارقىلىق زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش

تارىخى ۋە دەۋر بورانلىرىنىڭ زىيالىيلار ئۈستىگە كەلتۈرگەن قا-
باھەتلىك تەقدىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەردى. بۇ رومان نا-
ھايىتى كەڭ بولغان ئىجتىمائىي تارىخىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولۇپ، 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ، ئېلى-
مىزنىڭ سىياسىي ھاۋاسىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر
تۇرمۇش پۇرىقى مول بولغان بەدىئىي تەسۋىرلەر ئىچىدە يورۇتۇپ
بېرىلگەن. بۇ رومان شۇ يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەڭ ئال-
دىنقى قاتاردا تۇرالايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي سەۋىيىگە
يەتكەن رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن زوردۇن سابىرنى يۈكسەك
ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيەت ئالاھىدى-
لىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:
بىرىنچىدىن ئاپتور بۇ يىللاردا ئېلىمىز ئەدەبىياتىدىكى ئومۇمىي
ئېقىمغا ماسلاشقان بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مايىللىقى
جەھەتتە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىش، تەنقىد قى-
لىشنى ئاساس قىلدى. تېما دائىرىسى كېڭەيدى. دەسلەپتىكى دېھ-
قانلار تېمىسىدىن زىيالىيلار تېمىسى، ياشلار تېمىسى، ھۆكۈمەت
ئەمەلدارلىرى تېمىسىغىچە كېڭەيدى. ئىككىنچىدىن ئاپتورنىڭ
تەسۋىرلەش ئوبيېكتلىرى ماكان جەھەتتىن كېڭەيدى. ئىلى رايو-
نىدىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ
تېما تاللاپ يازدى. پېرسوناژلار خاراكتېرى خىلمۇخىللاشتى. ئوخ-
شاش بولمىغان قاتلاملاردىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ئۇنىڭ ئەسەر-
لىرىگە رەڭدارلىق تۈسىنى بەردى. ئۈچىنچىدىن دەسلەپتىكى ئە-
سەرلىرىدىكى ئىنساننىڭ ئېڭىنى بىر خىللىق نۇقتىدىن كۆزد-
تىدىغان ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇ خىل
ئۆزگىرىش ئۇنىڭ پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ روھ قاتلىمىدا كۆ-



زىتىپ شارائىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تە-
رەپ قىلغانلىقىدا، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىنچىكە، تەبىئىي
ھالدا ئېچىپ بەرگەنلىكىدە، بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇن-
ياسىدىكى تىركىشىش ۋە توقۇنۇشلارنى يېزىش جەھەتتە يېڭىلىق
ياراتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن «خەزىنە» ھېكايىسىدىكى
سېيىتوف ئوبرازى، «ناخشىچى» ناملىق ھېكايىسىدىكى ئابدۇل
ئوبرازى، «دولان ياشلىرى» ناملىق ئەسەردىكى كەنجى ئوبرازى ئەنە
شۇنداق قېنى ۋە جېنى بولغان تىرىك پېرسوناژلاردۇر. تۆتىنچىدىن،
بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن ئۆستى، بولۇپمۇ بەدىئىي تەسۋىردىكى
ئىنچىكىلىك بىلەن ئالدىنقى دەۋرلەردىن كۆرۈنەرلىك ھالقىدى.
ھەربىر پېرسوناژ مۇستەقىل بىر ئادەم سۈپىتىدە كىتابخانلارنىڭ
كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. بەشىنچىدىن، مىللىي خاراكتېرنىڭ
ئېنىقلىق دەرىجىسى تېخىمۇ كامالەتكە يەتتى. ئۇنىڭ قەھرىمانلى-
رى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىپىك خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلدى.
ئاق كۆڭۈللۈك، قىزغىنلىق، ساددىلىق ۋە زايىشلىق ئۇنىڭ پېر-
سوناژلىرىنىڭ ئاساسىي روھى بولدى.

### 3. ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ ئۈچىنچى تەرەققىيات باسقۇچى

1980 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ ئاخىرلىرىغىچە
بولغان ئارىلىق ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر يېڭى پەللىسى بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئاپتور ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنى
ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرگە يۆتكىدى. يەنى ئوڭۇشلۇق بولغان زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىنىڭ تەسىرىدە مىللىي تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا
پەيدا بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار

ئۇنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى بولدى. بۇ يىللاردا ئۇ «ئېھ! توپىلىق
يول»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «تاغ كەپتىرى»، «كاككۇك كېلىپ
قونغاندا»، «بوش كەلمە تۇرپانلىق»، «چايخورلار»، «قۇمغا سىڭگەن،
هاۋاغا كەتكەن»، «خىيال ۋە سايە» قاتارلىق ئېسىل ھېكايىلەرنى،
«سۇبھى»، «ئارچا ياپرىقى»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «باھار ھامان
ئىللىق» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازدى. بۇ ئەسەرلەردە ئاپتور ئىسلا-
ھاتتىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن دېھقانلارنىڭ بېيىش مەسىلىسى،
زىيالىيلارنىڭ بىلىمگە بولغان قىزغىنلىقى ۋە شۇ يىللاردا پەيدا
بولغان بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا
دۇچ كەلگەن تېگىرقاشلىرىنى ۋە پۇل تۇپەيلى ئۆز ماھىيىتىدىن
چەتنەپ چىرىكلىشىشتەك مەسىلىلەرنى ئىپادىلەشنى مەركەز
قىلدى. «ئېھ! توپىلىق يول»، «خىيال ۋە سايە»، «چايخورلار»،
«كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «بوش كەلمە تۇرپانلىق» قاتارلىق ئە-
سەرلىرىدە ئىسلاھات دەۋرىنىڭ دېھقانلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى،
يېزىلاردىكى قاينام - تاشقىنلىق ھايات ھەمدە بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ
تەقەززالىقى بىلەن ساددا ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ دەۋر ئالدىدىكى تې-
گىرقاشلىرىنى جانلىق سۈرەتلىدى. «سۇبھى» پوۋېستىدا ئاپتور
زىيالىيلار مەسىلىسىنى ئۇلارنىڭ تۆت كىشىلىك گۇرۇھ دەۋرىدى-
كى ئازابلاردىن قۇتۇلۇپ، يېڭى دەۋر ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى
بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىۋاتقانلىقىنى، ھاياتقا بولغان
قىزغىن مۇھەببىتى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ، يېزىلاردا ئىلمىي
تېرىقچىلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، دېھقانلارنىڭ يېڭىچە يېزا
قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاتلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى. «ئېھ! توپىلىق
يول» ناملىق ئەسىرىدە ئاپتور ئالدىن بېيىغان دېھقان روزەك بەزگە



پۇل كويىدا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولغان گۈزەل ئايال گۈلئايشەم
ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۆزد-
ىنىڭ ئىنسانغا بولغان سەممىي مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن. «خى-
يال ۋە سايە» ناملىق ئەسىرىدە ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش يولىدا
جان پىدا قىلغان تېخنىك دىلدارنىڭ راخمان قاتارلىقلار بىلەن
بولغان تۇرلۇك توقۇنۇشلىرى ۋە ئاخىرىدا ئۆز ئېتىقادىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇپ مەقسىتىگە يەتكەنلىكى ۋە ئۇ باشلىغان ئىلمىي ئەمگەك-
نىڭ يېزىلارغا كەلتۈرگەن پايدىسى تەسۋىرلەندى. «چايخورلار»
ناملىق ئەسىرىدە مەمەدان، قوپال، جىسمانىي جەھەتتىكى كۈچ-
لۈكلۈكىگە تايىنىپ باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان بۇتىياخاننىڭ
ئۆزگىرىش جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەم بولۇشنىڭ، ئى-
لىم - پەننىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۇرگەن. «بوش كەلمە تۇرپاد-
لىق» ناملىق ھېكايىسىدە دېھقان سودىگەر نىيازنىڭ دېھقاندىن
سودىگەرگە ئايلىنىش جەريانىدىكى بىر قاتار ئەگرى - توقاي سەر-
گۈزەشتىسى تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، پۇل ئۈ-
چۈن ئادىمگەرچىلىكنى تېپىشىدىغان، ياقۇپ بىلەن بولغان قار-
شىلىقى ئارقىلىق ئىسلاھات دەۋرىدە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى دۇچ
كېلىۋاتقان زىددىيەتنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. «جىگدىلەر پىچىرلاي-
دۇ»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن»،
«سەھەردە كۆرگەن چۈش» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە بىر قىسىم ئە-
مەلدارلارنىڭ ھوقۇق ۋە خىزمەتتىكى قولايلىق شارائىتىدىن پايدى-
لىنىپ، خەلق ئاممىسىغا قۇرغان تۇزاقلىرى، زورلۇق - زومبۇلۇ-
قى، بيۇروكراتلىقى تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاچ
كۆزلۈك، ساختىپەزلىك ۋە رەزىللىك تەنقىد قىلىنىغان. «جىگدى-
لەر پىچىرلايدۇ» ناملىق ئەسەردە مال - دۇنيا ۋە مەنسەپ تەمەسىدە

ئاتالمىش قىزنى دېھقانغا بېرىپ ئۆلگە كۆرسىتىش تاكتىكىسىنى ئويلاپ چىققان، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆسۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمى تەسۋىرلەنگەن ھەمدە بۇ خىل سۈيىقەستنى پىلانلىغان ناھىيە ھاكىمى بىلەن ئۇنىڭ قىزى ھەدىيە، پەرھات ۋە ھەققانىيەتچى بىر قىسىم كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار ئارقىلىق نەپسانىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك قاتتىق قامچىلانغان. «ئۇنۇتمايمەن گۈلسارە» ناملىق ھېكايىسىدە بولسا يېزا ھۆكۈمرانى جامال مەمەت ئىمىنىنىڭ ئەمەل، نام، بايلىق كويىدا كەڭ دېھقانلارغا سالغان زۇلۇملىرى، ئۆز ئوغلىغا قۇرغان قىلتاقلىرى ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە قىلغان توسقۇنلۇقى تەسۋىرلىنىپ، گۈزەل يېزا قىزى گۈلسارەنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئارقىلىق شۆھرەتپەرەسلىك ئېچىپ تاشلانغان. «قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل مەزمۇنغا ياندىشقان بولۇپ، بىر قىسىم ئەمەلدارلارنىڭ بايلىق كويىدا ئېلىپ بارغان قانۇنسىز قىلمىشلىرى، ھىيلە - مىكىرلىرى تەسۋىرلىنىپ، تۇرمۇشىمىزدىكى قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ توقۇنۇشى ئىنچىكىلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن. ئاپتور بىر قەدەر كەسكىن پوزىتسىيە ئارقىلىق دېھقانلار ئۈستىدىكى بۇنداق زومىگەرلىكنى تەنقىد قىلغان. بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىرىنچىدىن پوۋېست ئىجادىيىتىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. بۇ يىللاردا ئاپتور «سۇبھى»، «سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «ئارچا ياپراقى»، «باھار ھامان ئىللىق» قاتارلىق بىر - بىرىدىن ئېسىل پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە خىلمۇخىللىق كۆرۈلدى، پېرسوناژلىرىنى ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ۋە تەسۋىرلىدى. ئىككىنچىدىن خاراكتېر



ياراتقاندا ئىنسان روھىغا ئىچكىرىلەپ كىردى، روھىيەتتىكى گۈزەللىك ۋە رەزىللىكلەر سەممىيلىك بىلەن ئېچىپ بېرىلدى ۋە ئادەمنى ئوخشىمىغان قاتلامدىن ياراتتى، ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى پېرسوناژلىرى ئىچىدە ئىجابىيمۇ، سەلبىيمۇ بولمىغان پېرسوناژلار ئالاھىدە يېڭىلىق سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

## 4. ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ تۆتىنچى تەرەققىيات باسقۇچى

ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى 1980 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئون يىل جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئاپتور «خىرە دېرىزە»، «يېڭىلىنىۋاتقان ھاۋا»، «تۇمان»، «كەچ كۈز»، «سادا»، «قۇم ئارىشاڭ»، «قېنى ئۇ باغلار»، «زامانداشلار»، «ئەڭ ئاخىرقى پادىچى» قاتارلىق پوۋېستلارنى، «تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، «بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك»، «ئىنساپ»، «سىزىق ئادەملەرگىلا»، «ھاجىم توغرىسىدا ئېغۋالار»، «ئەرەب يېرىم ئارىلىدا»، «باش - ئاخىرى يوق خەتلەر» قاتارلىق ھېكايە - ئوچېركلارنى، «ياۋروپاغا سەپەر» قاتارلىق زىيارەت خاتىرىلىرىنى، «ئاتا»، «ئانا يۇرت» قاتارلىق رومانلارنى ئېلان قىلدى. «خىرە دېرىزە» ناملىق پوۋېستىدا ئىنسانلار روھىيىتىدىكى تويماسلىق بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ئىشرەتخورلۇقى، پارىخورلۇقى، پۇل ئۈچۈن ئۆزگىرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر، قانائەت بىلەن تويماسلىق، ماددىي ساھەدىكى چىرىكلىك بىلەن مەنىۋى گۈزەللىك ئوتتۇرىسىدىكى بىر قەدەر يوشۇرۇن ھالەتتە ساقلىنىدىغان روھىي جەھەتتىكى ئېلىشىشلارنى سۈرەتلەپ، ئۆزىنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقان جەمئىيەتكە بولغان

پوزىتسىيىسىنى، چىرىكلىككە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.
ئاپتور بۇ ئەسەردە يەنە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن، ئەنئەنە بىلەن تەرەق-
قىيات ئوتتۇرىسىدىكى قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. «قۇم ئا-
رىشالىڭ»، «كەچ كۈز» قاتارلىق پوۋېستلىرىدا تارىخىي ۋەقەلەر تېما
قىلىنغان بولۇپ، «كەچ كۈز» دە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەھ-
رىمانى زېھرۇللامىنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.
بۇ ئەسەردە نازۇك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئوخشىمى-
غان قىسمەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «قۇم ئارىشالىڭ» دا بولسا ئەگ-
رى - توقاي يىللاردىكى قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مۇراد - مەق-
سەتلىرىگە يېتەلمىگەن، ئەمما بىر ئۆمۈر سۆيۈشنى، مۇھەببەتنى
ئۇنتۇمىغان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى يازغان. ئاپ-
تور بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، مۇھەببەت، گۈزەللىك
ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن. «ئاخىرقى پادىچى» ناملىق
پوۋېستىدا بولسا ئەينى ۋاقىتلاردىكى ئىلغار يېزا كادىرى، ھازىر
پارتىيىنىڭ ئەۋزەل سىياسىتى ئاستىدا ئىگىلىك تىكلەپ يېزىسىدا
ئەڭ باي ئادەمگە ئايلانغان ھېسامىدىننىڭ مەھەللىنىڭ پادىلىرىنى
بېقىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەم بالىلىرىنىڭ توسۇشىغا قارىماي،
ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسىدە بول-
غانلىقىنى يازىدۇ. كۈندىن - كۈنگە ئۆزگىرىۋاتقان بۇ يېزىدا ئەمدى
پادىچى يوقالماقتا، كىشىلەر بۇنداق ئىشنى پەس كۆرمەكتە ۋە ئەر-
زان ئەمگەك ئورنىدا مۇئامىلە قىلماقتا. ئەمىسە بۇنداق ئىش يوقى-
لىپ كېتەرمۇ ؟ بارغانسېرى تىز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان يېزىلاردا،
كالىلار قانداق ياشايدۇ ؟ ئاپتور ھېسامىدىننىڭ مانا مۇشۇنداق
ئويلىرى ۋە تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەنئەنە بىلەن زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى، تەبىئەت بىلەن ئىنسان



ئوتتۇرىسىدىكى ئىركىشش ۋە ئەسلىنى ئۇنتۇش ئىددىيسى ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئىنچىكە مەسىلىلەرگىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن.
«يېڭىلانغان ھاۋا»، «قېنى ئۇ باغلار» قاتارلىق پوۋېستلىرىدىمۇ بۇ
خىل تېمىغا يانداشقان بولۇپ ئاپتورنىڭ تەرەققىيات بىلەن ئەنئە-
نىگە بولغان قاراشلىرى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ھېكايىلىرى ناھايىتى داڭلىق بولۇپ،
ھېكايىلىرىدا ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى چوڭقۇر بولغان
تەلپۈنۈش، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تىركى-
شىشلەرنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. 1987 - يىلى ئېلان قىلىنغان
«تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ» دېگەن ھېكايىسىدا ئەركىنلىك ۋە
مەنىۋى ھۇزۇر بىلەن ماددىي ئىنتىلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
يېزىلغان، ھېسسىياتچان گۈزەل تۇيغۇلارغا باي نۇرانىيە بىلەن ئۇ-
نىڭ پۇل ۋە شۆھرەت، نام - ئاتاق ئۈچۈن مەستانە بولغان ئېرى
ئىلھام ئوتتۇرىسىدىكى خاراكتېر توقۇنۇشى ناھايىتى ئىنچىكىلىك
بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردىكى ئىلھام ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتى
ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىغان بىر پېرسوناژ، ئۇ
مال - دۇنيا ۋە شۆھرەت ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاشلاپ
يەكەن دەرياسى بويىدىكى توغراقلىق ئىچىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۇ-
نىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى ۋە روھىي گادايلىقى ئۆز ۋاقتىدا دۇنيا بى-
لىملىرى توغرىسىدا جانلىق ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ، جانلىق لۇ-
غەتكە ئايلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى سۆيگەن ئايالى نۇرانىيەنىڭ قار-
شىلىقىغا ئۇچرايدۇ. نۇرانىيە ئۆز - ئۆزىگە « —يالغۇزچىلىق
بەختمۇ، بىر تال شاخ پۈتۈن ياز بويى دەريا بويىدا لىغشىيدۇ، سائەت
ماياتكىنىكىدەك، تۈگمەن تېشىدەك، چۆلدە ماڭغان ئوتۇنچى ھارۋى-
سىدەك بىرلا خىل ئىشنى قىلىدۇ، بىرلا خىل ناخشىنى ئېيتىدۇ،

مۇنداقلار بەختلىك ھېسابلانسا ئىلھاممۇ بەختلىك ئىكەندە... بەختنىڭ مەنىسى مۇشۇنچىلىك بىر نېمە بولىدىغان بولسا ئۇنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ھاجىتى قانچىلىك؟»

ئىلھامنىڭ ياخشى يەپ ياخشى ئىچىشنى قوغلىشىشى زورايغانسېرى نۇرانىيە بىلەن بولغان ئارىلىقمۇ شۇنچە يىراقلايدۇ. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتلىق تىللار قوپال تىللارغا ئالمىشىدۇ. «—ئىلھام مېنى ئۆلتۈرەمسىز؟» دېگەن سوئالغا «—مەن ساڭا بۇنىڭدىن كېيىن كىتاب ئوقۇتمايمەن، ئىلىم توغرىسىدا ھېلىقى مۇخبىردەك، زامانىمىزنىڭ دونكىخوتلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە، ئويلاشقا رۇخسەت قىلمايمەن. بىز بۇ جەزىرىگە پۇل-دۇنيا، بايلىق، پاراغەت ئىزدەپ كەلگەن». ئاپتور ئەسەردە نۇرانىيە بىلەن ئىلھامنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىخچام تەسۋىرلەپ، ئەسەرنىڭ ئىچكى مەنىسىنى، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قالدۇرغان. بەخت، ھايات ھەققىدە قاراشلىرى ئوخشىمىغان ئىككى ياشنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى يوشۇرۇن، سىرلىق كەيپىياتنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن، ھېسسىياتقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ نۇرانىيەنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىپ بەرگەن، نۇرانىيەنىڭ ئازابلىرىنى غىل-پال يېزىش ئۇسۇلى بويىچە بەرگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق باشقا ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئاپتور پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، مال-دۇنيا ۋەسۋەسىسى ئاستىدا روھ، كۆڭۈل، غايە، مىللەت، ۋەتەن دېگەن تۇيغۇلاردىن ياتلاشقان روھ بىلەن مەنىۋى دۇنياسى باي، ئىلىمخۇمار، ھاياتنىڭ قىممىتىنى باشقىچە چۈشىنىدىغان روھ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئاچقان. «ئىنساپ» ھېكايىسىدا دىنىي سۇرىلەر ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان، تەقۋادار



ئىبراھىم ھاجىنىڭ ئۆز دوستىغا، قېرىندىشىغا قىلغان خىيانىتى ئارقىلىق ئىنسانلار روھىيىتىدىكى سەممىيەتسىزلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ئىنساپسىزلىقتەك روھىي ئىللەتلەرنى رەت قىلغان. 1987-يىلى «سىزىق ئادەملەرگىلا» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسىرىدە دۇنيا تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى، ئىنسانلارنىڭ چېگرا-توسۇق تۇپەيلى ئېرىشەلمەيدىغان بەختى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئۆزگىچە كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسەردە چېگرا توسۇقى دېموكراتىك گېرمانىيە پۇقراسى پېتا بىلەن گېرمان قىزى دىتانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، پېتا سۆيگۈنىنى كۆرۈش ئۈچۈن چېگرا توسۇقىدىن يوشۇرۇن ئۆتمەكچى بولىدۇ، لېكىن چېگرا قائىدىسىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دوستى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەسەردە بىر-بىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئىككى ياش ئۆز دۆلىتىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، لېكىن مۇھەببەت تۇپەيلى ئايرىلالمايدۇ، پەقەت مۇشۇ سىزىقلا ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكى، مۇھەببىتى، ۋىسالىغا دۈشمەن. مۇشۇ سىزىقلا بىرلىك، دوستلۇق، مۇھەببەتنى دەپنە قىلغان. ئاپتور بۇ ئارقىلىق بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە بولغان تەقەززالىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن.

ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ بۇ باسقۇچىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە زور ئىلگىرىلەشنى ھاسىل قىلدى. پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن رومان ئىجادىيىتىگە قاراتتى. 1990-يىللاردىن كېيىن يېزىلغان ھېكايىلىرى ئاز بولدى، لېكىن ئىنتايىن ساز بولدى. ئاپتورنىڭ «ئاتا» رومانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ناھايىتى زور تالاش-تارتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سە-

ۋەب بولدى. بۇ روماندا ئىبراھىم ھاجىم بىلەن ئۇنىڭ جانجىگەر ئىنىسى ئىسمايىل ھاجىم ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىن پەيدا بولغان بىر قاتار زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەردىكى ئىبراھىم ھاجىم ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدىغان مۇرەككەپ خاراكتېردىكى پېرسوناژ ئوبرازى بولۇپ، قارىماققا مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، ھەققانىيەتچى كىشى سۈپىتىدىكى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولغان سۈيىقەستچىدىن ئىبارەت. ئۇ بايلىق ئۈچۈن ئۆز ئىنىسىنى سولچىل سىياسەتنىڭ قۇربانى قىلىدۇ، ئىنىسىنىڭ ئوغلى زېمىننى مۇھەببىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. رومانىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىدىن قارىغاندا ئاپتور ئىنساننى مۇرەككەپ روھىي قاتلامدىن ئېچىپ بېرىشكە كۈچ چىقارغان بولۇپ، پۇل بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئېتىقاد بىلەن شۆھرەتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەسەردە چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەسەردە تاللانغان زىددىيەتلەر بىرقەدەر كەسكىن ۋە بىر قەدەر تېپىك بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھەددىدىن ئاشقان «سولچىل لۇشيەن» نىڭ تەسىرى ئاستىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ۋە روھىي قاتلامدىكى ئۆزگىرىشلەر بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان. ئەمما ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلىگەندە بەزىدە سۈنئىيلەشتۈرۈش يولىغا كىرىپ قالغان. شۇڭا ئاپتور بۇ ئاكتىپ تېمىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىغان. ۋاپاتىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان «ئانا يۇرت» رومانى ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرىك ئەسىرى بولۇپ، ئاپتورغا زور مۇۋەپپەقىيەت ئې-



لىپ كەلدى. ئاپتور بۇ يىللاردا يەنە «چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك»، «زېمىن ۋە شەربەت» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلارنى يېزىپ، دەۋرىمىزدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى گۈزەل مەنزىرىلەر ئىچىدە يورۇتۇپ ئۆزىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتىغان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. ئۇ بۇ يىللاردا يازغان ئوچېركلىرىدا دۇنياۋى خاراكتېرنى ئالغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، نىكاھ، مىللەتلەر دوستلۇقى، ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ۋە تەبىئەت ئۈستىدىكى غالىبلىقى، كۈندىن ـ كۈنگە مۇرەككەپلىشىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە روھىي بوھران، دۇنياۋى ئۇرۇش، تىنچلىق، ئىنسان ماھىيىتى، دىن قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئىجادىيىتى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق ئالدىنقى دەۋردىكى ئىجادىيىتىدىن پەرقلەندى. بىرىنچى، تېما دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى، ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. تېما دائىرىسىدىن قارىغاندا ئاپتور بۇ دەۋردە تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازدى. دائىرە جەھەتتە ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئاتلاپ چەت ئەل تۇرمۇشىغىچە كېڭەيدى، ئىدىيىۋى مايىللىق جەھەتتىن سىياسىي بىلەن ئادەم، ئەخلاق بىلەن دىن، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى، ماددىي بايلىق بىلەن مەنىۋى نامراتلىق قاتارلىق ئىنسان ھاياتىدىكى نازۇك مەسىلىلەرگە ياندىشتى. تارىخىي تېمىلاردا، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىدە ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر سېلىشتۇرۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى ئەسلىمىلىرى، سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆپرەك يازدى. ئالدىنقى

ئەسەرلىرىدىكى رېئال مەسىلىلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قەلىمىنى
ئىنسان، دۇنيا ئۇچۇن بىر قەدەر ئورتاق بولغان مەسىلىلەرگە
يۆتكىدى. ئايتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى ئالدىنقى ئەسەرلىرىگە
قارىغاندا تېخىمۇ پىشتى، ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى
چوڭقۇرلۇققا، ياشاش ھوقۇقى مەسىلىلىرىگە كۆپرەك دىققەت
قىلدى. ئىككىنچى، بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى ھېسسىياتچانلىقتا،
پەلسەپىۋىلىكتە تېخىمۇ تويۇنغان بولۇپ، ئايتورنىڭ ئىنسان ۋە
ھايات ھەققىدىكى مۇھەببىتىگە ۋە مول بىلىمگە، ھايات ئۈستىدىكى
كەڭ تەجرىبىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئىنساپ»، «خىرە دېرد-
زە»، «قۇياش ۋەھىمىسى»، «سىزىق ئادەملەرگىلا»، «قۇم ئارىشاڭ»،
«ھاجىم ھەققىدە ئىغۋالار» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇساق لىرىك
ناخشىغا ئوخشايدىغان تۇرمۇش ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ھايات،
غايە، تەن ۋە روھ، تۇنۇگۇن ۋە بۈگۈن ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىگە
كىرىمىز. ئايتورنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى تەپەككۇر يۈرگۈ-
زۈشكە، مۇلاھىزىگە ئەڭ باي بولۇپ مەنە قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇر-
لۇقى بىلەن ئالدىنقى قاتاردىكى ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.
ئۈچىنچى، ئايتورنىڭ قەلەم قۇۋۋىتى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكەن بولۇپ،
ھېكايىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئىخچام، تىلى گۈزەل، جانلىق بولغان،
ھەتتا «ئانا يۇرت» رومانىمۇ بۇ خىل ئىخچاملىقنىڭ جەۋھىرىدۇر.
رومان ئارقا كۆرۈنۈش جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ مەنبەگە چېتىل-
سىمۇ، ئەمما ئايتور مەركەزلىك تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلى-
نىپ، پېرسوناژلىرىنى ئىخچام جۈملىلەر ئارقىلىق دەرھال ئوتتۇ-
رىغا چىقىرىپ، كىتابخاننى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە
قىلغان. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا «ئوغرى» ۋەقەسىگە ئادەم توپلاش بىلەن



ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرى نۇرى، مۇختەرباي، غېنى باتۇر-
لارنى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى
پېرسوناژلار ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرگەن. تۆتىنچى ئايتورنىڭ بۇ
دەۋردىكى ئىجادىيىتىدە پوۋېست بىلەن رومانچىلىق ئاساسىي سال-
ماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلىرى سۈپەت جەھەتتىن ئاپ-
تورنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قال-
ماستىن، سان جەھەتتىكى ئالتۇن دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى
## زوردۇن سابىرنىڭ كىشىلىك قارىشى ۋە سەنئەت قارىشى توغرىسىدا

مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى، پەيلاسوپ ئالبېرت گامۇس « داڭلىق يازغۇچى ئالدى بىلەن داڭلىق پەيلاسوپتۇر»① دېگەن ئىدى. داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرى بولىدۇ ۋە يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي كۆزدىتىشلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىياتنى ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىدە ئادەم تۇرىدۇ. ئادەمنى قانداق تونۇش ۋە ئادەمىيلىككە بولغان ئىنتىلىش، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلىرىغا، ھېسسىيات، پىكىرلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، شۇ يازغۇچىغا خاس بولغان تەپەككۇر ئىزچىللىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىنسان ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ۋە كۈچلۈك مۇھەببەتكە ئىگە بولالمىغان يازغۇچى ياخشى ئەسەرلەرنى يازالمايدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى زوردۇن سابىر ئىنسان ھەققىدە ئېنىق ۋە تولىمۇ تېرەن قاراشقا ئىگە يازغۇچى. شۇنىڭدەك ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك ھۈجەيرىلىرىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆرەلىگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ئارقىلىق ئاجايىپ گۈزەل بەدىئىي مۇھىتتا ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەن يازغۇچىدۇر.

① گۆڭخەننىڭ «غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئېقىملىرى»، سىچۈەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 87 ـ يىل 4 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 239 ـ بەت.



ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرى كۈچلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئىنسان ھەققىدىكى تولۇپ تاشقان ئوپتىمىستىك ئىدىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۈستىدە، ئانچە كۆپ توختالمىدى، بىراق ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ئېلان قىلىنغان «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم»، «مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە» قاتارلىق ماقالىلىرىدە ئۇنىڭ پىشقان ئىجادىيەت مۇددىئاسى، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتى خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆز مۇھەببىتىنى سىڭدۈرگەن پېرسوناژلىرىنىڭ روھىدىكى ئىنسانىي خىسلەتلەردىن ئاپتورنىڭ ئادىمىيلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ ياشاش، ئۆلۈم، مۇھەببەت، نىكاھ، كەلگۈسى، ئەخلاق، دىن ۋە مىللەت، دۆلەت قاتارلىق كەڭ بولغان مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئاپتور بۇ ھەقتە، يۇرتۋازلىقتىن، تار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ھالقىغان ئومۇمىي قىممەتكە ئىگە ئىنسانىي پەزىلەتنى تەكىتلىدى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ياش تۆكتى.

1. چىنلىق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈكنى تەكىتلەش ئاپتورنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى قارىشىنىڭ يادروسىدۇر.

ئىنسان تەن بىلەن روھنىڭ بىرلىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھايۋانىي تەبىئىتىدىن، تەن ۋە روھ قاتلىمىنىڭ ئىنسانىي خاراكتېر ئېلىشى

بىلەن پەرقلەنگەن، تەن تەبىئەت بىلەن ئىنسانلاشقان تەبىئەتنىڭ بىرلىكمىسى بولسا، روھ ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي قىممىتىدۇر. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى ئىنسانىنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئۇ ئەخلاق، ئېتىقاد، گۈزەللىك، سۆيۈش، تاللاش، ئىنتىلىش ۋە مەنىلىكتىن ھاسىل بولىدىغان مۇرەككەپ بىرلىكمىدۇر. بىراق بۇ خىل بىرلىكمىنىڭ گىرەلىشىش نۇقتىسىدا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئەڭ ئاددىي بولغان قىممەت سەممىيلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەممىيلىك ئىنسانىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇلى، چۈنكى بىز سەممىيلىك بىلەنلا خۇشال - خۇرام ياشىيالايمىز، سەممىيلىك بىلەن ئىشەنچكە ئېرىشەلەيمىز، ئىلگىرىلەش نىشانىمىزغا يول ئاچالايمىز.

زوردۇن سابىر ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ياشاش ۋە ئىنتىلىشنىڭ قىممىتى ئۈستىدە توختالغاندا سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ساداقەتنى، ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە تەكىتلىدى ۋە تەسۋىرلىدى. «ھاياتلىق دېگەن ساپلىق، ساداقەتنى ئىزدەش بولسا كېرەك»① دەپ يازدى، ئۇ يەنە «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم» دېگەن ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى قارىشىنى تەكىتلەپ «ئادەمنى گۈزەل قىلىدىغان ئامىل ئېنىقكى چىراي، كىيىنىش، مال - دۇنيا، مەنسەپ ۋە قابىلىيەت ئەمەس، سۆيۈملۈك قىلغان ئامىللار نېمە؟ ئېنىقكى ئۇنىڭ پەزىلىتى، پەزىلىتىنىڭ مېغىزى سەممىيەت، ساداقەت، ھاياتقا بولغان مۇھەببەت»، ② «ئەدەبىياتىمىز ئۆز مىللىتىمىز،

① زوردۇن سابىر: «ساداقەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىل 10 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، 168 - بەت.

② زوردۇن سابىر: «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 4 - سان، 45 - ، 46 - بەت.



خەلقىمىزنىڭ روھىدىكى ئەڭ گۈزەل، نازۇك نەرسىلەرنى ئىزدەپ تېپىشى، ئۆز خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشى كېرەك»① دېگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىسىنى مول بەدىئىي ئەمەلىيىتى ئىچىگە سىڭدۈردى، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر خاراكتېرىدىكى سەممىيلىكنى جانلىق ئىپادىلىدى ۋە تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. ئۇ ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلىرىنى مەيلى دېھقان، زىيالىي، سودىگەر، ئائىلە ئايالى ياكى ئىشچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سەممىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن نۇرلاندۇردى. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى سۇبھى، ئەسئەت، بېشىر، قۇباق، تۇردىخان، ئەخمىدى، ئەلا، نۇرى، نىجات، گۈلسارە، مەھبۇبە، ئېلى قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاپتور تەلپۈنگەن سەممىيلىك نۇرلىرىنى كۆرۈپ قالماي، ئاپتورنىڭ تۇرلۇك ئىللەتلەرنى رەت قىلىش ئۇسۇللىرىدىنمۇ ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز. رەزىل بىر ئوي بىلەن ساددا دېھقاننى قاقتى - سوقتى قىلماقچى بولغان گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ سەمنىمىيتى ئالدىدا، ئاجايىپ گۈزەل ئادەمگە ئايلىنىدۇ؛ بېشىر تۇرگۇن، مەردلىكى بىلەن ئىناۋەت تاپىدۇ؛ تۇردىخان ساداقىتى بىلەن رەزىللىكنى يېڭىدۇ ۋە باشقىلار. بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەمەسىز، شۆھرەتسىز، تېخى ياتلاشمىغان خاراكتېرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھەقىقەتەن ئىنسان ساداقىتى، راستچىللىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن گۈزەلدۇر. ۋۇجۇدىدا مۇنداق پەزىلەت ھازىرلانمىغان ئىنسان ماھارەت، بىلىم، بايلىق، مەنتۇە، ھوقۇق ۋە باشقىلاردا مەيلى قانچىلىك دەرىجىگە يەتسۇن، بەربىر ئۆز قىممىتىنى ساقلىيالمايدۇ. ئاپتور-

① زوردۇن سابىر: «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم»، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىللىق 4 - سان، 45 - ، 46 - بەت.

نىڭ ئىنسان ئۈستىدىكى مۇنداق قارىشى ۋە ئىنتىلىشى تۇرلۇك
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر رەسمىيەت دائىرىسىدە كېڭىيىۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە ئادەمنىڭ ئۆز قىممىتىنى ساقلىشى، ساغلام ھايات
يولىنى تاللىشىدا تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، ئۆزىمىزنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش، قىممەتلىك ھاياتىمىزنى قەدىرلەش قا-
تارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەممىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

2. زوردۇن سابىر ئادەمنى ئۆزگىرىشچان، كوكرېت ھەرىكەت
ھالىتىدە كۆزەتتى ۋە تەسۋىرلىدى. ئىنسان خاراكتېرى مۇقىملىق
بىلەن مۇقىمسىزلىق، ئىلگىرىلەش بىلەن چېكىنىش، كونكرېت-
لىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ بىرلىكىدە م ەۋجۇت بولىدىغان مۇ-
رەككەپ قاتلام. زوردۇن سابىر ئىنسان خاراكتېرى ئۈستىدە مول
بولغان پىسخىك بىلىمگە ئىگە يازغۇچىدۇر. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى
ئارقىلىق ئىنسانغا بولغان قاتمال قاراشلارنى رەت قىلدى ۋە ئەسەر-
لىرىدە خىلمۇخىل توقۇنۇشلار ئىچىدە ئۆزگىرىۋاتقان ئادەمنى يارات-
تى. ئۇ «يازغۇچى ئۈچۈن زۆرۈرى كونكرېت ئادەم، ھەرگىزمۇ مەۋھۇم
ئەمەس»① دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى بۇ نۇقتى-
ئىنەزىرىنى تۇرلۇك ئەسەرلىرىگە سىڭدۇردى ۋە مۇۋەپپەقىيەت قا-
زاندى. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئەلا خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈش تارىخى نا-
ھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، ئۇ كىتاب مەستانىسىغا، مۇ-
ھەببەت ئوتلىرى ئىچىدە ئاشىققا، روھىي بېسىم ئىچىدە چۈشكۈن-
لەشكۈچىگە، ھاياتتىن ۋاز كەچكۈچىگە، ئەقىدىسىدىن يالتايغۇچىغا
ئايلىنالايدۇ. ھايات لەززىتى روزەك بەزىنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويـ-
غىتىدۇ، ئەكسىچە ئىلھام گۈزەللىكنى پۇلغا تېگىشىدۇ ۋە باشقىلار.

① زوردۇن سابىر: «ئېسىل ئەسەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىم»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان، 45 ـ ، 46 ـ بەت.



ئاپتور پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇئەييەن بىر مۇ-
قىملىققا ئىگە ھالەتنىڭ تۇراقلىشىشىنى سۈرەتلىگەندە ئىنساننى
سەممىيلىك بىلەن ئوپېراتسىيە قىلدى ۋە ئۇنىڭ روھىغا سادىق
بولدى. شۇڭا، زوردۇن سابىر بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە ئادەتكە ئايلى-
نىپ قالغان ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەم ھەققىدىكى چەمبىرەك-
نى ئەڭ بۇرۇن بۇزۇپ تاشلىغان يازغۇچىدۇر.

ئۇ ئادەمنى كونكرېت، ئۆزگىرىشچان ھالىتىدە كۆزەتكەچكە
پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى خىلمۇخىللىق ۋە مۇقىملىقىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلالىدى. ئۇ بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«ئۆزىلا بىلىدىغان ئۆمۈر بويى يوشۇرىدىغان رەزىل ئىشلار ھەرقانداق
ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نىس-
بىتىلا ئوخشىمايدۇ، خالاس».① دېمەك، زوردۇن سابىر بىزگە ئا-
دەمگە بولغان ئەڭ توغرا يەكۈننى تەقدىم قىلدى، ئىنسان قەلبىنى
ئاختۇرۇشنى ئۆگەتتى ۋە ئەدەبىياتىمىزغا ئىنساننى تىرىك، ھەرد-
كەتچان، خىلمۇخىللىقى بىلەن تەسۋىرلەيدىغان بەدىئىي ئۇلگىنى
قالدۇرۇپ كەتتى.

3. كەڭ قورساقلىق، كەچۈرۈمچانلىق زوردۇن سابىر تەكىت-
لىگەن ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم ھالقىسىدۇر.

زوردۇن سابىر ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقان ھاياتىغا
بېغىشلاندى، دېھقان ھاياتى ۋە روھىنى ئۇنىڭدەك ئېنىق چۈشەنگەن
يازغۇچىنى تېپىش بەكمۇ قىيىن. بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئۇيغۇر
مىللىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل روھىي پەزىلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
ئۇلار زېمىننى قۇچاقلايدۇ، تەبىئەتنى سۆيۈپ ياشايدۇ. شۇڭا ئۇلار-

① زوردۇن سابىر: «قۇياش ۋەھىمىسى»، «قەرزدار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاي، 556 ـ بەت.

نىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئەتتەك كەڭلىك ۋە مەردلىك جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. باشقا قاتلامدىكى ئادەملىرىمىزنىڭمۇ تىنىقىدا دېھقان سۇتىنىڭ ھىدى تېخى يوقاپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ قورساقلىق، كەچۈرمىچانلىق ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ ئاساسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. زورۇن سابىر مىللىي پسخىكىمىزدىكى بۇ خىل روھنى خىلمۇخىل تېمىدىكى ئەسەرلىرىگە سىڭدۇردى، پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاساسىي تەرەپ قىلدى ۋە سۆيۈندى.

ئۇنىڭ قەلىمىدىن تۆرەلگەن پېرسوناژلار ئىچىدە ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ كېچىكىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ئۆچ ئالىدىغان قىساسخورلار ئىنتايىن ئاز تەسۋىرلەندى، ئەكسىچە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، كىچىككىنە ياخشىلىققا ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىدىغان كەچۈرۈمچان مەرد كىشىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلدى.

« — باشقىلارنىڭ ئۈچ سۇ بىلەن پىشسا، ئۆزە تاپسەنتلىك قىلىپ تۆت قېتىم سۇغارماقچىكەندە جاجىسى.

— تېتىقسىزلىق قىلما، ئادەمنىڭ ياخشىسى بىراۋنىڭ ئۇستىدىن كۈلمەيدۇ.»①

مانا بۇ «ئامەت» ھېكايىسىدىكى بېشىرنىڭ ئۆزىگە كۆپ قېتىم قىلتاق قۇرۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئاخىرىدا ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ زىيان تارتقان رازاققا تۇتقان پوزىتسىيىسى.

« — خۇشال بولۇش ئورنىغا نېمىشقا كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلىسەن، — دېدى ئەخمىدى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ مۇرى-

① زوردۇن سابىر: «ئامەت»، «قەرزدار» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 10 ـ ئاي، 404 ـ بەت.



سىگە قولىنى قويۇپ، — سېنىڭ نامىڭدا چىقسا نېمە بوپتۇ؟ ھېچكىمنىڭ ئىسمى يېزىلماي چىقسا نېمە بولاتتى؟ پۈتۈن ئۇمىدىمنى تەتقىقات ئىشىغا بېغىشلىدىم، مەقسىتىم مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى يېغىلىپ قالغان چىگىشلەرنىڭ بىرقانچىسىنى بولسىمۇ يېشىش ئىدى، بۇنى كىملا يەشسە ماڭا ئوخشاش خەلقىمىز بىلىسىلا، شادلانسا ۋە روھلانسا بولىدى».①مانا بۇ «خەزىنە» ھېكايىسىدىكى ئەخمىدىنىڭ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئوغرىلىقچە نەشر قىلدۇرۇپ ئاشكارىلانغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن شۆھرەتپەرەس سىيتوپقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇنىڭ كۆپلىگەن پېرسوناژلىرى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقىلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا ئۇچرىغان، باشقىلار تەرىپىدىن قارىلانغان، ئازاب تارتقان، ئەمما ئۆزلىرى ئوڭۇشلۇق شارائىتقا چىققاندا ئۆچ ئالماستىن، ئەكسىچە كەچۈرۈۋېتىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، مەرد پېرسوناژلاردۇر.

ئاپتورنىڭ ئىنسانلىق ئۇستىدىكى مۇنداق چۈشەنچىسى يەنە ئۇنىڭ گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدىمۇ ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ پېرسوناژلىرىنى ئۆتكۈر بولغان خاراكتېر توقۇنۇشى ئىچىگە قويىدۇ، ئەمما بۇ خىل توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسىدە خۇنۇك ياكى رەزىل تەرەپلەرنى رېئاللىق تەرىپىدىن تەبىئىي يوسۇندا رەت قىلىنىغان شەكىلدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ھەرگىزمۇ زىددىيەتنى ئۆچ ئېلىش شەكىلدە ئاياغلاشتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ «خىيال ۋە سايە»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئېھ! توپىلىق يول»، «ئامەت»، «خەزىنە»، «چايخور-

① زوردۇن سابىر: «خەزىنە»، «ساداقەت» توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل 8 ـ ئاي، 25 ـ بەت.

لار»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «قوشنىلار» قاتارلىق بىزگە بىر قەدەر تونۇش بولغان ئەسەرلىرىگە قارىساق، بۇ خىل سۇژىت قۇراشتۇرۇش شەكلىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئاداۋەت، ئىنتايىن كەسكىن بولغان ئېلىشىش، مەڭگۈ ئازارلىنىش، دۈشمەنلىشىش ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزى سۆيگەن پېرسوناژلىرىنىڭ روھىي قاتلىمى ئەمەس. ئۇ پېرسوناژلىرىنى نۇقسان دائىرىسىدە يارىتىدۇ. ئەمما تۈزىتىش پۇرسىتى بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە شارائىتلارنىڭ توسالغۇلىرىنى، رەشكلىرىنىڭ پۈتلاشلىرىنى ئۆزىنىڭ مەردلىكى بىلەن يەڭگەن ۋە ئۆز دۈشمەنلىرىنى كەچۈرگەن پېرسوناژلار مەدھىيىلىنىش بىلەن بىرگە، قەلبىگە يامانلىق، پەسكەشلىك ئىللەتلىرىنى يوشۇرۇپ كەلگەن پېرسوناژلىرىمۇ رېئاللىق تەرىپىدىن جازالىنىپ، ئۆز قىلمىشلىرىدىن نومۇس قىلىدىغان، ئىبرەت ئالغان پېرسوناژلارغا ئۆزگىرىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىككە، غايىۋىلىككە تويۇنغان ئىنسان ھەققىدىكى بۇ خىل ئىدىيىسى بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى رەزىللىكلەرنى تازىلاپ، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت تۇيغۇمىزنى يېتىلدۈرۈشىمىزدە، ئۆزىمىزنى ۋە تۇرمۇشىمىزنى سۆيۈشتە قىممەتلىك روھىي بايلىقتۇر.

4. ئىنساننى باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دائىرىسىدە كۆزىتىش ۋە تەلپۈنۈش يازغۇچىنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى پەلسەپىۋى چۈشەنچىسىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسىدۇر.

زوردۇن سابىر ئىنسان ھەققىدە كەڭ ئويلانغان يازغۇچى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ خۇشاللىقى، ئازابلىرى ۋە تەلپۈنۈشلىرىنى كونكرېت، ئاددىي تۇرمۇش شارائىتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە، ئىنسانلارنى دۇنيا دائىرىسىدە باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دائىرىسىدە كۆزەتتى ۋە بۇ خىل ئىنسانىي قىممەتكە



تەلپۈندى. ئۇ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، تەبىئەت، جەمئىيەت، ياشاش، مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىنسان باراۋەر ۋە ئەركىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىدى ۋە پېرسوناژلىرىنى تار مەنپەئەتپەرەسلىكتىن، مىللەتچىلىك تۇيغۇلىرىدىن، يەرلىك مەھەللىۋى ئاڭدىن ھالقىتالىدى. تۇرمۇشىمىزدىكى تۈرلۈك باراۋەرسىزلىك، ئىجتىمائىي زوراۋانلىق قاتارلىقلارنى قەتئىي رەت قىلدى. مەسىلەن، ئۇ «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مەنپەئەتپەرەسلىك ئېڭىدىن ھالقىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى چۇقان سالغان ئەركىن مۇھەببەتنى مەدھىيىلىسە، «سىزىق ئادەملەرگىلا» دېگەن ئەسىرىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانىي ئەركىنلىكنى تەرغىب قىلدى.

ئۇنىڭ باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ئىدىيىسىدە يەنە ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكى، قەدىر ـ قىممىتى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئاياللار مەدەنىيەتلىك، بىلىملىك، ئىرادىلىك، ئەقىدىلىك، ۋاپادار ئاياللارنىڭ تىپلىرى بولۇپ، ئاياللارنى كەمسىتىش تۇيغۇسىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپالمايمىز. ئۇنىڭ ئايال پېرسوناژلىرى مەيلى زىيالىي ئاياللار بولسۇن ياكى ئائىلە ئاياللىرى بولسۇن ئۆزىگە خاس قەدىر ـ قىممەتكە، ئورۇنغا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەندى.

5. زوردۇن سابىر ئىنساننى مەنىۋى يۈكسەكلىك دائىرىسىدە كۆزىتىدۇ ۋە بۇ خىل قىممەتكە ئىنتىلىدۇ.

سوسان زانكى «مۇھەببەت سەزگۈسى ۋە شەكىل» دېگەن ئەسىرىدە «سەنئەت ئىنسانلار سۆيگۈ ھېسسىياتىنىڭ بەلگە شەكلىدە

گەۋدىلىنىشى»① دېگەن ئىدى. زوردۇن سابىر ئىنساننىڭ گۈزەل-
لىكىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى پېرسوناژلىرىنىڭ گۈ-
زەللىكىگە ئىنتىلىش تۇيغۇلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى ۋە جانلىق
ئىپادىلىدى. ئۇ ئەسەرلىرىدە جىسمانىي ۋە روھىي گۈزەللىك جە-
ھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئاجايىپ گۈزەل بەدىئىي تىپلارنى قالدۇرۇپ
كەتتى. بولۇپمۇ ئۇ قەلب گۈزەللىكىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى ئارمانلىرىنى ئىپادى-
لىدى. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئىنسانىي گۈزەللىك قەلب گۈزەللىكىدە
دەپ قارىدى ۋە ئەسەرلىرىدە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن
تەسۋىرلىدى. ئۇ «ئۆزۈمنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارزۇ ـ خىياللىرىم كۆپ-
چىلىك خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان
ئۇمىدۋارلىقنى قىزىقارلىق ھېكايىلەر بىلەن ئىپادىلەشنى ئۆزۈمگە
مەقسەت قىلىپ تاللىۋالدىم»② دېگەن ئىدى. ئۇ ياراتقان پېرسوناژلار
ئاپتورنىڭ ئەنە شۇنداق سۆيگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەنىۋى
قاتلىمى گۈزەل، ئېتىقادچان، پەزىلەتلىك پېرسوناژلاردۇر. ئۇلار
مەنىۋىيىتىدىكى يۈكسەكلىك بىلەن كۆز ئالدىدىكى تۇرلۇك تو-
سالغۇلارنى يېڭەلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى سۆيگەن پېرسوناژلىرى
ماددىي جەھەتتىكى ئاچ كۆزلۈكتىن ھالقىيالايدىغان، جىسمانىي
ھۇزۇر ئالدىدا پەزىلىتىنى يوقىتىپ قويمايدىغان، مۇھەببەت ۋە
ئىنسانىي قىممەت ئۈچۈن تاشقى گۈزەللىكتىن ۋاز كېچەلەيدىغان
پېرسوناژلاردۇر. مەسىلەن، «ئىزدىنىش» رومانىدىكى گۈزەلئاي، ئەلا،
«ئارچا ياپرىقى» دىكى مەھبۇبە، «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە» ناملىق

① «ساداقەت زېمىندا ساقلىنىدۇ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ
يىل 1 ـ ئاي، 231 ـ بەت.
② زوردۇن سابىر: «مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە»، «تەڭرىتاغ»
ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 1 ـ سان، 11 ـ بەت.



ھېكايىدىكى نىجات قاتارلىقلارنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.
گۈزەلئاي رەقىب بىلەن بىرگە بولۇپ باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشىش
ئىمكانىيىتى ئالدىدا ئەلاغا بولغان مۇھەببىتىنى خارلىمايدۇ.
«ئۇنتالمايمەن گۈلسارە» دىكى نىجات گۈزەل، ساددا قىز گۈلسارەگە
بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈن باي، ئابرۇيلۇق ئائىلىسىدىن ۋاز كېچە-
لەيدۇ. «ئارچا ياپرىقى» دىكى مەھبۇبە جىسمانىي جەھەتتىن كاردىن
چىققان ئېلىنىڭ ئازابىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ ياشاشقا رازى
بولىدۇ. ئېلىنىڭ روھىي گۈزەللىكىنى جىسمىدىن ئۈستۈن كۆ-
رەلەيدۇ. ئەلا مەنىۋى گۈزەللىك تۈپەيلى ئادىلەنىڭ تەلەپلىرىنى
كەسكىن رەت قىلالايدۇ. ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەببەت
بېخىلنى مەرد قىلالايدۇ، مۇھەببەت ئادەمنى جىنايەتتىن قوغداپ
قالالايدۇ ھەم جىنايەتكە ئىتتىرەلەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا چىن
مۇھەببەت راۋاج تاپسىلا ئاچ كۆزلۈك، بېخىللىق، قارا نىيەتكە
ئوخشاش يامان ئىللەتلەر ئازىيىدۇ.»① ئۇ بۇ خىل قارىشىنى بەدد-
ئىي ئەسەرلىرىدە ھەقىقەتنىڭ ھامان غالىب ئىكەنلىكىنى، گۈ-
زەللىكنىڭ، بولۇپمۇ روھىي گۈزەللىكنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلى-
كىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئاپتور «ئۇنتۇماي-
مەن گۈلسارە» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«مەن بۇ سېپىلنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئارزۇيۇمنىڭ ۋەكىلى قىلىپ
ياش يىگىت نىجاتنى ئىشقا سالدىم، نىجات دەرىجە قارىشىغا قارشى،
زامانغا لايىق ياشلارنىڭ ۋەكىلى ...ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئە-
مەلىي تەڭسىزلىكنى مەنىۋى پاجىئەنىڭ ئوق يىلتىزى دەپ قارايدۇ.
ئۇ يېزىدىمۇ مەدەنىيەت، گۈزەللىك، غايە، ھەقىقەت كامالەت تېپىشى

① زوردۇن سابىر: «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1986 ـ
يىللىق 1 ـ سان، 109 ـ بەت.

كىرەك دەپ قارايدۇ».① ئۇ باشتىن ـ ئاخىر مەنىۋى يۈكسەكلىككە
تەلپۈندى ۋە ئىنتىلدى. مۇشۇ مەنىدە يازغۇچىنىڭ پېرسوناژلىرى
ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشىنىڭ ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسىدۇر.
6. زوردۇن سابىر ئادەمنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت
قاتلىمى دائىرىسىدە كۆزەتكەن ۋە تەسۋىرلىگەن يازغۇچىدۇر.
زوردۇن سابىر ئالدىقى بىر ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە
پسىخىكىسىنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قەلەم ئاستىغا ئالغان يازغۇچى.
ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق مۇددەت يەككە دېھقانچىلىق ھالىتىدە تۇر-
مۇش كەچۈرگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل ھالەت مىللىتى-
مىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدا ئاستىلىقنى، ئېتىقادىدا قاتماللىقنى،
پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەش دائىرىسىنىڭ تارلىقىنى شەكىللەن-
دۇردى ۋە ھازىرغىچە بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە ساقلىنىپ ئىلگىرى-
لىشىمىزگە، يېڭىلىق يارىتىشىمىزغا توسالغۇ بولماقتا.
زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە مىللىتىمىزنىڭ تۇرمۇش
ئۇسۇللىرى ۋە روھىي قاتلاملىرىدىكى ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بو-
لىدىغان ئاجىز ئامىللارنى ئەڭ توۋەن دائىرىدە تەسۋىرلىدى. ئۇ بىر
قەدەر يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت قاتلىمى دائىرىسىدە تۇرۇپ، قەلەم
كۈچىنى كۆپرەك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىدىكى ئېسىل تەرەپ-
لەرنى، مەدەنىيەتتىكى ئىلغار ئامىللارنى تەسۋىرلەشكە سەرپ قىل-
دى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز دەۋ-
رىگە نىسبەتەن ئىلغار دۇنيا قاراشقا، يۇقىرى بىلىم قۇرۇلمىسىغا
ۋە خېلى يۇقىرى تەپەككۇر ساپاسىغا ئىگە قىلىپ سۈرەتلەندى.
ئەكسىچە مىللىتىمىزنىڭ ئېڭىدىكى خۇراپاتلىق، نادانلىق، پېرى-

① زوردۇن سابىر: «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1986 ـ
يىللىق 1 ـ سان، 104 ـ بەت.



خونلۇق، تەركىدۇنيالىق ۋە روھىي زەئىپلىككە ئوخشاش ئامىللار
ئىنتايىن ئاز تەسۋىرلەندى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى ھالال ئەمگەككە
ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان دېھقانلار، تېخنىكا بىلەن قوراللانغان يېزا
كادىرلىرى، ئايال تېخنىكلار، تەبىئەت، ھايات ھەققىدە مۇلاھىزىگە
باي ئالىملار، كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىيالايدىغان ۋە
ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان قەھرىمانلار-
دىن ئىبارەت بولدى. بۇ پېرسوناژلار نادان، دۇنيانىڭ كەينىدە قالغان
پېرسوناژلار بولماستىن، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن
ھالقىغان، بىر قەدەر ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە يا-
رىتىلدى. «سۇبھى»، «خىيال ۋە سايە»، «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت»،
«يېڭىلىنىۋاتقان ھاۋا»، «كەچ كۈز» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى پېر-
سوناژلار ئاپتورنىڭ ئەنە شۇنداق يۈكسىلىش تۈيغۇسىنى جانلىق
ئىپادىلىگەن پېرسوناژلاردۇر. زوردۇن سابىر باشتىن ـ ئاخىر مىل-
لىتىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ئارمان قىلدى ۋە غېمىنى
يېدى. ئۇ بۇ ھەقتە توختالغاندا: «ئۇيغۇر پروزىسىدا يارىتىلغان
پېرسوناژلاردا ئۇيغۇر خاراكتېرى بولۇشىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك،
مۇشۇ مىللەتنىڭ بەدىنىدىكى گۈزەللىك ۋە يارىماسلىقنى رېئال
ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ مىللەتنىڭ بالدۇرراق ئىلغار مىللەتلەر
قاتارىغا ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى كېرەك.»① دەپ قارىدى.
بىز ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا مىللىتىمىز-
نىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېسىل تەرەپلەردىن پەخىرلىنىمىز.
زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنە ئوخشىمىغان شارائىت
ئاستىدىكى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى، قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرد-

① زوردۇن سابىر: «ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش»، «تارىم» ژۇرنىلى، 1986 ـ
يىللىق 1 ـ سان، 112 ـ بەت.

سىدىكى سۆھبەتلەر ناھايىتى يۇقىرى بولغان مەدەنىيەت ساپاسىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. دۇنيا، مىللەت، ياشاش، ئەركىنلىك ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرگە تويۇنغان بۇ خىل مۇھىت تەسۋىرلىرى ئاپتورنىڭ مىللىتىمىز ۋە ئىنسانىيەت ھەققىدىكى ئىستىتىك تەلپۈنۈشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت»، «ئارچا ياپرىقى»، «سۇبھى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىتابخان بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

يازغۇچى دەۋرنىڭ ئۇستازى، مىللەتنىڭ روھىي بايلىقى. ئۆزىگە خاس تەپەككۇرغا، مۇھەببەت ـ نەپرەتكە، بىلىم ـ ئېتىقادقا ئىگە بولغان يازغۇچىلار مانا مۇشۇنداق سۈپەتلەشكە ئېرىشەلەيدۇ. زوردۇن سابىر ئەنە شۇنداق سۈپەتكە لايىق يازغۇچىدۇر، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىنسان بولۇشنى، مەدەنىيەتلىك مىللەت بولۇشنى ئۆگىنىمىز. ئۇنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرى قەلبىمىزدىكى رەزىللىكلەرنى تازىلىشىمىزغا، ئاقىلانە ئىنسانىي قاراشلارنى تىكلىشىمىزگە روھىي مەدەت بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن روھىي بايلىقىدىن مەدەت ئالايلى، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرەيلى!



## تۆتىنچى
## زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

زوردۇن سابىر پروزا ئىجادىيىتىگە ھېكايە بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدە ھېكايە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ 1971 ـ يىلى ئېلان قىلغان «تاغ كەينىگە ئۆتكىچە» دېگەن ھېكايىسىدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 100 گە يېقىن ھېكايە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايىلىرى ئاجايىپ يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىسى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بېيىتتى ۋە ھېكايە يېزىش ماھارىتى جەھەتتە ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى زوردۇن سابىرنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشى، ئېتىقادى، بەدىئىي ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئاچقۇچ. تۆۋەندە بىز ئاپتورنىڭ ھېكايىلىرىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

1. زوردۇن سابىر ھېكايىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك، قىزىقارلىق. زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرى كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇ ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مىللىي پۇرىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، شۇنىڭدەك سۇژېتلىرىنىڭ قىزىقارلىق، دولقۇنلۇق رىتىمغا ئىگە بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدا قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان، مەكىت، دولان قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ مەملىكەت سىرتىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغىچە

كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلەندى. دېھقانلار، ئىشچىلار، زىيالىيلار، كار-
خانچىلار، تىجارەتچىلەر، ئالىملار، مۇھاجىرلار، بىكارچىلاردىن
تەركىب تاپقان ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى
مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلدى. بۇ خىل كەڭ تۇرمۇشنىڭ ئاجايىپ
مەردانە كۆرۈنۈشلىرىمۇ، ئېغىر مۇڭلۇق قىسمەتلىرىنىمۇ تەسۋىر-
لەندى. «ئېھ! توپىلىق يول»، «خىيال ۋە سايە»، «كاككۇك كېلىپ
قونغاندا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە دېھقانىنىڭ خۇشاللىقىنى يازسا،
«قەرزدار»، «ئۇنتۇمايمەن گۇلسارە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدە دېھقان
تۇرمۇشىنىڭ تراگېدىيىلىك قىسمەتلىرىنى ئېچىپ بەردى. «ئايدىڭ
كېچە»، «تۆمۈر تاپان» دا ئىشچانلىقى بىلەن بېيىغان كارخانىچى-
لارنىڭ ئوبرازى يارىتىلدى. «خەزىنە»، «بوران» قاتارلىق ھېكايىلە-
رىدە زىيالىيلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلىدى. «جىگدىلەر پىچىرلاي-
دۇ»، «قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن»، «تەكلىماكان گىرۋەكلىرد-
گىچە» دېگەن ھېكايىلىرىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، چىرىك-
لەشكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. بىز ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىن بېشىر،
تۇرغان لېۋىرغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەرنىمۇ، دىلدار،
نىياز ئەخمىدىگە ئوخشاش شەخسىيەتسىز تۆھپىكارلارنىمۇ، ساتتار
فازىلوپقا ئوخشاش ئىچكى دۇنياسى قەست بىلەن تولغان كىشىلەر-
نىمۇ، مەخەتباي، روزەك بەزدەك بېخىللارنىڭ ئوبرازىنىمۇ، ئەمەتجان-
دەك گول بىچارىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ، بوتياخاندەك مەمەدان
قاراملارنىڭ ئوبرازىنىمۇ ئۇچرىتىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بۇ
خىل كەڭلىك ۋە ئوخشىمىغان پېرسوناژلار ئوبرازى ئۇنىڭ ھېكايە-
لىرىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلدى. زوردۇن سابىر كۈندىلىك ئاددىي
تۇرمۇش ئىچىدىن ۋەقەلىرىنى تاللاپ ئەسەرلىرىدە ئاددىي، قىزىقار-



لىق سۇژىت ھاسىل قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۇمۇرلۇق ۋە
قىزغىن بولغان تۇرمۇش پۇرىقىنى ئەسەرلىرىگە سىڭدۇردى.
« ―ئۇنىڭ بازغىنى ئۇستامنىڭ بولقىسى تەگكەن قىزغۇچ تۆ-
مۈرگە تەگمەي سەندەلگە تېگىۋەردى. ئۇستام مەيدىسى يۇڭلۇق،
ساقال- بۇرۇتى كىرپە تىكىنىدەك يىرىك، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ
ئادەم، ئاچچىقىدا قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرغان تۆمۈرنى نېرىغا
چۆرىدى- دە، پولتىيىپ چىققان يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،
سەل مايماقراق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تىللىدى:
―ۋۇي، نان قېپى!
―روزا تۇتقان ئىدىم، ئۇستام! ―پەرھات يالغان ئېيتىپ
يەرگە قارىدى.
―روزا؟ بوتۇلكىنىڭ بوينىنى، راۋاپنىڭ قۇلىقىنى، خې-
نىملارنىڭ قولىنى تۇتقانسەن، يوقال ئاق نانچى!»①
بۇ خىل تەسۋىرلەرنى ئۇنىڭ ھەممىلا ھېكايىلىرىدىن دېگۈ-
دەك ئۇچراتقىلى بولىدۇ.
2. ئەسەر مەزمۇنىنى مەركەزلىك ئىپادىلەش. زوردۇن سابىر-
نىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىك بولغان ئالاھىدىلىك سۇژىتى
بىر لىنىيە بويىچە تۈزۈش، ھېكايىگە خاس بولغان ئىخچاملىق
ئىچىدە بىر قەدەر كەڭ بولغان مەزمۇننى ئىپادىلەش. ئۇ ھېكايە-
لىرىدە مەلۇم بىر زىددىيەتنى مەركەزلىك تەسۋىرلەيدۇ ۋە قىسقا،
ئىخچام قۇرلار ئىچىگە سىغدۇرۇپ، مەلۇم بىر مەسىلىنى جانلىق
گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، «قوشنىلار» ھېكايىسىنى ئالساق، ھې-
كايىدە سالى بىلەن جامى ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكنى، سالى

① «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر
نەشرىياتى، 1985 ـ يىل، 43 ـ بەت.

بىلەن جامىنىڭ پاسىل تام ئۈستىدىكى توقۇنۇشى، ئېغىلغا ئوت كېتىش ۋەقەسى، سالىنىڭ جامىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قوۋدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋەقەنى تاللاپ، مەركەزلىك ھالدا خاراكتېرى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى تولىمۇ ئېنىق ئېچىپ بەرگەن. «ئېھ! توپىلىق يول» دا ئايشەمگۈلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش ۋە توقۇنۇشلارنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ۋاپا بىلەن جاپا، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت؛ ساداقەت بىلەن خىيانەت؛ سەمىمىيلىك بىلەن ساختىپەزلىكنىڭ تىركىشىشىنى جانلىق ئېچىپ بەرگەن. «قەرزدار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، «ئەپۇ»، «ئامەت» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ مانا مۇشۇنداق ئىخچاملىقنىڭ مەھسۇلى.

3. خاراكتېر يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە پېرسوناژلار ئىككى - ئۈچتىن ئاشمىدى، پېرسوناژلارنى ھەرىكەت قىلدۇرغاندا خاراكتېر توقۇنۇشتا تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ۋەقەلەر خاراكتېرنى ئىپادىلەشنىڭ ئېھتىياجى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى بىر - بىرىنى يارىتىدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئادىتى بولۇپ قالدى، مەسىلەن، «قوشنىلار» دا جامى بىلەن سالىنىڭ خاراكتېرى بىر - بىرىنى ياراتسا، «ئامەت» ھېكايىسىدە بېشىر بىلەن رازاق بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى تۇردى. «قەرزدار»، «خەزىنە»، «تۆھپە»، «ناخشىچى»، «بوران»، «ئەپۇ»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك بار. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى روھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر ئېلىشىشلارغا ئوخشايدۇ. تۆۋەندىكى جۈملىلەر بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنى



ئىسپاتلايدۇ:

« —خېنىم، بالىكەنلا، چىرايلىقكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالىمۇ؟ —گۈلئايشەمنىڭ كۆلكىسى تۈگىگەندىن كېيىن روزەك بەز ئايالدىن سورىدى.

—توپىدىن پۇل ئالىدىغان خەق بەز بولمىسا بېيىيالمايدۇ، خېنىم!

—سىقىپ سىقىمىدىن چىققىنىنى يالا دېسىلە، سىلىگە ئاش بولمايمەن. ھەممە گەپنى ھامام ئېيتقاندۇ، ھامامنىڭ دېگىنىگە كۆنسىلە مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن...

—كۆڭگىچە ئالدىلىرىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىمەن، خېنىم!

—توينى چوڭ قىلالا؟

—جۇۋان تويى بولغاندىن كېيىن چېغىدا بولار.

—مەن ئېتىزدا ئىشلىيەلمىسەمچۇ؟

—ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرەلا.

—زېرىكسەمچۇ؟

—زېرىكسىلە ئىش قىلىلا...

—بالىلار ئۆگەيلىسە قانداق قىلىمەن؟

—بالىلار كالىنى ئانا دېگۈدەك بولدى. ئۆگەيلەمدۇ؟ ماڭا ئايال بولمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى، بالىلارغا ئانا بولمىسا بولمايدىكەن.

—بالىلارنى باشقۇرامدىمەن؟

—شۇنداق.

—پۇلىنىچۇ؟

—ساندۇق.

—ئاچقۇچنى كىم تۇتىدۇ، ئانىمۇ، ئاتىمۇ، بالىمۇ؟

—كېيىن بىلىلا.

—دېمىسىلە توي خېتى ئالغىلى بارمايمەن.

—ئۇنداق بولسا يېپىق قازان دۇملەگىلىك پېتى قالسۇن!»①

بىز بۇ دىئالوگلاردىن پېرسوناژلارنىڭ مەقسەت، مۇددىئالىرىنى بىلىپ قالماي، سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى چىراي ئىپادىلىرىنىمۇ ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

4. قۇرۇلمىنى ئىخچام تۈزۈپ، خاراكتېرنى دەرھال ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى قوغلاشتى. زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، ئەمما بۇ چوڭقۇرلۇق بىزگە ناھايىتى ئىخچام قۇرلار ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ئاپتور يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تېپىك ۋەقەلەرنى تاللاپ خاراكتېرنى بىۋاسىتە ئاچالايدىغان بەدىئىي مۇھىت ھاسىل قىلىپ قالماي، خاراكتېرنى ئېچىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى ئۆز ھېكايىلىرىدە قوللاندى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

(1) قىسقا دىئالوگ ئارقىلىق پېرسوناژلىرىنى دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىرىش. زوردۇن سابىر پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق خاراكتېر ئېچىشقا ماھىر. ئۇ پېرسوناژلىرىغا قىسقا دىئالوگلارنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قايتۇرغان ئىنكاسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ قالماي، ۋەقەلەرنى بىۋاسىتە بايان قىلىپ ھېكايىنىڭ سەھىپىسىنى ئۇزارتىۋېتىشتىن ساقلىنىپ، چەكلىك قۇرلار ئىچىدە مول مەزمۇننى ئىپادىلىدى.

«سەھەر...

توخۇلار قونداقتىن ئەمدىلا چۈشۈپ تەمشىلىپ يۈرگەن چاغلار

① «ئېھ! توپىلىق يوللار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 6 - بەت.



ئۇلار يەنە ئۇچراشتى.

—نېمىدەپ قاراپ يۈرىسەن؟ —دەپ ھومايدى پاكار، دوغىلاق ئادەم قويۇق، بۇدۇر ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، — يولۇڭغا كېتىۋەرمەمسەن! ئەنە ساڭا ئەسقاتىدىغان ئېتىز، سېنى چىللىغىلى نىكەم!

—ئىنساپ قىل، جامىكا، —دېدى ئېگىز بويى سېرىق بۇرۇتلۇق ئادەم شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، —قارىغىنا بۇرۇنقى تېمىڭ نەدە تۇرىدۇ، سەن نەدىن سوقۇۋاتىسەن؟!...

—قارا، ئۈچ - تۆت مېتىر يەرنى قوشۇۋاپسەن، بىزگىمۇ تىرىكچىلىك لازىمدە جامىكا!

—ئاز قوشتۇم، ئىنساپ دېگەن شۇ! —جامى سوقما تاشنى چاقىسىغا ئىلىپ قويدى - دە، ھاسىراپ تۇرۇپ، —دادامدىن قالغان باغ، ھەققىڭ يوق، قانچىلىك قوشۇۋالسام ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى، چىدىساڭ قوشنا بول، بولمىسا ئەنە!»①

مۇنداق دىئالوگ شەكلىنى قوللانغاندا ئاپتور ئەسەرنىڭ سەھىپىسىنى قىسقارتىپ قالماي، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىمۇ دەرھال ئېچىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ. ماكسىم گوركىي بۇ ھەقتە توختىلىپ «ھەممىمىزگە مەلۇمكى تىلنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش، ھەرىكەتنى تىلغا ئايلاندۇرۇشقا قارىغاندا قىيىن. يازغۇچىلار ھەرىكەتنى تىلغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە تىلنى ھەرىكەتكە

① «قوشنىلار»، «ساداقەت» توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 117 - بەت.

ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر»① دېگەن ئىدى. دەرۋەقە
پېرسوناژلارنىڭ تىلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش
ئاپتوردىن ئالاھىدە تىل ماھارىتىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
چۈنكى دىئالوگ شەكلىنى قوللانغاندا يازغۇچى خۇددى دراماتورگدەك
تىلنى ھەم پېرسوناژ خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرۇش، ھەم سۇژىتنى
سىلجىتىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. زوردۇن سابىر بۇ
جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، يەنە كۆپ ھاللاردا ئە-
سەرنىڭ بېشىنى دىئالوگ شەكلى بىلەن باشلايدۇ. بۇ خىل ئالاھى-
دىلىك ئۇنىڭ پروزىلىرىغا ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىك بولۇپ، ھەتتا
«ئانا يۇرت» تىن ئىبارەت زور رومانىدىمۇ ئۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى
قوللانغان. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئوغرى ۋەقەسىنى يېزىپ ئەسەردىكى
مۇھىم پېرسوناژلارنى بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقارغان.

(2) رىتورىك خىتاب بىلەن تەبىر بېرىش ئۇسۇلىنى بىرلەش-
تۈرۈش. ئاپتورنىڭ جۈملە قۇراشتۇرۇش شەكىللىرى ئىچىدە ئالا-
ھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى رىتورىك خىتاب بىلەن تەبىر
بېرىشنى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئاپتور
ئەسىرىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ۋە ئۆز مۇھاكىمىلىرىنى بەرگەندە
پېرسوناژلىرىنىڭ قايتۇرما سوئاللىرىنى بېرىدۇ، ئاندىن بۇ سوئال-
لار ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئاپ-
تورنىڭ تەبىر بېرىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق كىتابخان-
لارنى دەرھال ئەسەرگە جەلپ قىلىپ قالماي، قىسقا سەھىپە ئىچىدە
مول بولغان بىلىم خەزىنىلىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئەسەرنىڭ قايىل
قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمىگە ئېرىشىدۇ. تۆۋەندىكىدەك

① ماكسىم گوركىي: «دراماتورگىيە توغرىسىدا».



ئابزاسلار بۇ يەكۈنىمىزگە ئىسپات بولالايدۇ. «دوستۇم مۇشۇ بىزنىڭ
رەخمانجان ئەسەر قەھرىمانى بولۇشقا راسا لايىق. مۇشۇنداق ئادەم-
لەرنىڭ ئوبرازى ھازىر تولىمۇ زۆرۈر. نېمىشقا دەمسىنا؟ سەۋەبى بۇ
ئادەملەر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ بىر قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلى-
دۇ، بۇ قاتلام نېمە؟ ئەلۋەتتە يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى قوش
ئەستەردەك بىر قاتلام، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى يېڭى، ھەرىكىتى كونا،
كىيىنىشى يېڭى، پىكىر قىلىشى كونا، ئۇلار كونا بىلەن يېڭىنىڭ
ئورۇن ئالماشتۇرۇشىدا ھەر ئىككىسىگە ياتىدۇ.»①

«دۆ دېگەن نېمە دەمسىزا؟ ئۆمۈچۈككە ئوخشايدىغان ھاشارات.
چاقسا جاننى ئالىدۇ دەڭا. ئۇ بىچارە تۇخۇم تۇغىدۇ، تۇخۇمىنى
دۈمبىسىدىكى كاۋاكقا سېلىپ شۇ يەردە بالا چىقىرىدۇ. بالىلىرى
تۇخۇمدىن چىقىپلا ئانىسىنىڭ دۈمبىسىنى غاجايدۇ، ئۇلارنىڭ ئو-
زۇقى ئانىسىنىڭ دۈمبە گۆشى. ئانا بىچارە غاجاشقا چىدىماي تى-
نىمسىز يۈگۈرەيدۇ، تىپىرلايدۇ، بالىلىرى چوڭايغانسېرى غاجىلاش
كۈچىيىدۇ ـ دە، ئاخىر بىچارە ئانا يىقىلىدۇ. بالىلىرى ئانىنى يەپ
چوڭ بولۇۋېلىپ مۇستەقىل ياشايدۇ. ئانا ئۆز بەدىنىنى بالىلىرىغا
ئوزۇق قىلىپ بولغاندىن كېيىن دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ. بىزمۇ
بىر دۆ، ئۇكام. بۇمۇ بىر كارامەت!»②

(3) جۈملىلىرى قىسقا، ئاددىي، ئوبرازلىق. زوردۇن سابىرنىڭ
بەدىئىي تىلىدا ئۇزۇن، مۇرەككەپ جۈملىلەر يوق، ئۇ مەيلى پېر-
سوناژ تىلى بولسۇن ياكى ئاپتورنىڭ بايانلىرىدا بولسۇن، ئاددىي
جۈملە شەكلىنى قوللاندى، ئوشۇقتىن ئوشۇق پەردازلانغان تىللار

① «خىيال ۋە سايە»، «ئۈنتۈمايمەن گۈلسارە» توپلىمى، 270 ـ بەت.
② «كارامەت» ھېكايىسىدىن، «قەرزدار» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ
ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى 458 ـ بەت.

يوق، ئۇ قايسى ساھەنى تەسۋىرلىسە، شۇ ساھەگە ئۇيغۇن تىل ئىشلەتتى. «ئامەت كەلسە شۇنداق بولىدىكەن، بېشىڭنى تونۇرغا تىقىۋالساڭمۇ بەخت قۇشى بېشىڭغا قونۇۋېرىدىكەن.»،① «پۇتۇن - پۇتۇن قوي گۆشى داستىخانلارغا ‹ئۇچا› قىلىپ تارتىلغاندا! قادىر ئىمامنىڭ گۆش پارچىلاش جەريانىدا يېگەن قوي مېيى ئېغىزدا چۆچەك بولۇپ سۆزلەنمەكتە ئىدى، شۇنچىلىك جىق ماي يېگەنكى، كەچتە ئىچى قىزىپ كېتىپ كېچىچە بېلىق كۆلى ئىچىدە — سۇدا يېتىپ چىقتى.

«ئۆمرىدە ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغان مەختەباي سەيناغا سېلىنغان گىلەملەر ئۈستىدە دولان مەشرىپىنىڭ ھەممە پەدىلىرىگە ئەپچىل دەسسىدى».② ئاپتور ھەشەمەتلىك زىياپەت مەنزىرىسىنى مانا مۇشۇنداق قىسقا ھەم قىزىقارلىق جۈملىلەر ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپ ئاپتورنىڭ قۇرۇلمىنىڭ ئىخچاملىقىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۇسۇللىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى، ئاپتورنىڭ يەنە ئابزاسلارنى بىرىكتۈرۈش، ماۋزۇ قويۇش جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىچە ماھارىتى بار. بۇ تەرەپلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(4) تەمسىلدىن پايدىلىنىپ ئوي - پىكىرنى مەركەزلىك ئىپادىلەش. زوردۇن سابىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشتە تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا

---

① «ئامەت»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 119 - بەت.

② «كاككۇك كېلىپ قونغاندا» ھېكايىسىدىن، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى 262 - بەت.



باب كېلىدىغان تەمسىللەرنى ياساپ ئوي - پىكىرنى ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ تەمسىللىرى پۈتۈن بىر مەنىگە تەمسىل قىلىنىدۇ. ياكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ياپتا شەكىلدە ئىپادىلەيدۇ. بىز تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆرۈپ باقايلى:

«ئىسمايىل مەختەكە كۆكتاتلىقتىكى قىڭغىيىپ قالغان جۇل - جۇل قارانچۇقنى كۆرسەتتى.

ئۇ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن مېنىڭ خىلىممۇ؟ مېنىڭ قىزىم كاككۇك، سېنىڭ بالاڭ ئاۋۇ قارانچۇق، كاككۇك ھەرگىز قارانچۇققا قونمايدۇ، بىلدىڭمۇ؟»①

«ئۇ ياپيېشىل قومۇش ئۆسكەن قۇم دۆڭى ئۈستىدە خۇددى بۈركۈتتەك ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇ بىر يىللىرى يوقاپ كېتىپ قايتىدىن نوتا چىقارغان توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى. چۈنكى بايىلا بۇ نوتىغا كاككۇك قونۇپ سايرىدى.»②

«— بىلىپ قويغانسەن مېنىڭ بالام قارانچۇق ئەمەس، ئادەم، مانا مۇشۇ توغراق نوتىسىغا ئوخشايدۇ. دەسسەلدى، لېكىن يەنە كۆكلىدى!»③ مانا بۇ قۇرلاردىن بىز كاككۇك ۋە ئۇنىڭ سايرىشىنىڭ مەختەباينىڭ قايتا تىرىلگەن غۇرۇرىغا تەمسىل قىلىنغان بولسا، «ئايدىڭ، نىيازنىڭ زاۋۇتى تېخىمۇ ئايدىڭ» دېگەن بۇ جۈملىدىكى ئايدىڭ دېگەن سۆز ئەسەردىكى نىيازنىڭ بەرىكەتلىك يولىغا

---

①②③ «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 266 - 265، - 241 - بەت.

تەمسىل قىلىنغان. ھەتتا ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنىڭ ماۋزۇسى تەمسىل خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يىغىنچاق، ئوبرازلىق ئىپادىلەش ئۇنۇمىگە ئىگە. ئاپتور يەنە ئەسەرنىڭ بېشىدىكى جۈملە بىلەن ئاخىرىدىكى جۈملىلەرنى مەنە جەھەتتىن جىپسىلاشتۇرۇش، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى ئېپىگراف شەكلىدە بېرىپ ئەسەر مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ قۇرۇلما ھاسىل قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن: «ئېھ! توپىلىق يول»، «ئايدىڭ كېچە» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك تولىمۇ گەۋدىلىك.

5. تەسۋىرلىرى ئىنچىكە، زىل بولدى. بولۇپمۇ پېرسوناژلىرىنىڭ پورترېت تەسۋىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، تاشقى ئىپادىدىن ئىچكىگە ئۆتۈشنىڭ ئۇلگىسىنى ياراتتى. مەسىلەن، بۇ تەسۋىرلەرگە قاراپ باقايلى: «تېگى قارا كۆك دۇخاۋا، گۈللىرى يوغان ھال قىزىل دوپپا ئاستىدا پاكىز قىرىلغان باش، قىزارغان چاسا يۈز، شالاڭ قاشلار ئارىسىدا تۇمارچە كۆز، قات ـ قات كىيىم، ئېغىر سومكىلار ئازابىدىن ئاققان تەر»① مانا بۇ دېھقان سودىگىرى نىيازنىڭ پورترېتى. «تىزىغا كېلىدىغان ساغۇچ كۆڭلىكى سۇغا چىلانغاندەك ھۆل، تىزىغىچە تۇرۇكلۇك پۇشقاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بۇقىنىڭ ئالدى پۇتىدەك تومۇ، مەزمۇت پاچاقلىرى توپا ـ تەردىن خۇددى چالا ئۇتلەنگەندەك بولۇپ قالغان، ئوچۇق مەيدىسىدىكى قويۇق يۇڭ، تۆت چاسا يۈزىدىكى ساقال ـ بۇرۇتتەك يوغان، قىيغاچ كۆزلىرى ئۇستىدىكى چوتكىدەك قاشلىرىنى

① «بوش كەلمە تۇرپانلىق»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» توپلىمى.



مىدىرلىتىشى ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدە بىر خۇشاللىقنىڭ بۇرگىدەك سەكرەپ يۈرگەنلىكىدىن بېشارەت.»① بىز بۇ تەسۋىرلەردىن مەمەدان، قارام ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

6. تاسادىپىيلىق ئارقىلىق ھېكايىلىرىنى كومېدىيىلىك تۇسكە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ قىسقا ھېكايىلىرىدا يۇمۇرلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك. بۇ ئاپتورنىڭ سۇژىتلىرىدا ئالاھىدە توقۇلمىلاردىن پايدىلىنىپ، ئەسەرلىرىدە جىددىي ھەم قىزىقارلىق ئۇنۇم ھاسىل قىلىش ماھارىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ھېكايىلىرى قارىمۇقارشى خاراكتېردىكى پېرسوناژلارنىڭ توقۇنۇشى مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئويلىمىغان تاسادىپىي ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن تاماملىنىدۇ. ئەسەردىكى ئۆزى رەت قىلماقچى بولغان ناچار تەرەپلەر ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى بولمىغۇر تەرەپلەر كومېدىيىلىك شەكىلدە رەت قىلىنىدۇ. پېرسوناژلار ئۆزىنىڭ ساختىلىقىنى ئۆز قىلمىشى ئارقىلىق ئاشكارىلايدۇ ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەركىن زاڭلىق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «قوشنىلار» ھېكايىسىدا جامى سالىغا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ. لېكىن ئۇنىڭ قىزى ئويلىمىغان يەردىن سالىنىڭ ئوغلىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ سالىنىڭ سامانلىقىغا ئوت قويماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئامبىرىغا ئوت كېتىپ ئۆزىنىڭ سەتچىلىكى ئاشكارىلىنىدۇ. «ئامەت» ھېكايىسىدىمۇ رازاقنىڭ بېشىرنىڭ تاۋۇزلۇقىغا سۇ قويۇۋېتىشى

① «چايخورلار» ھېكايىسىدىن، «قەرزدار» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 501 ـ بەت.

بىشىرغا بايلىق، ئەكسىچە رازاقىقا زىيانلىق ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» دىگەن ئەسەردىكى كۆك چاپانلىقلار ۋەقەسى قاتارلىقلار بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۇساق يۇمۇرلۇق خاراكتېرگە باي كۇرۇنۇشلەردىن ئەركىن ھۇزۇرلىنىمىز.



## بەشىنچى
## زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

### 1. زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ مەزمۇنى

80 – يىللاردىكى پروزىچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغانلارنىڭ بىرى زوردۇن سابىر بولدى. ئۇ مۇشۇ يىللاردىكى ئىجادىيىتى ئارقىلىق خۇددى ئازات سۇلتان ئەپەندى ئېيتقاندەك ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا ھېسسىيات، پىكىر، ھەقىقىي ئادەم، بايان ماھارىتى، ئۇيغۇر خاراكتېرىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ «ۋاپادارلار»، «خەيرلىك ئىش»، «سۇبھى»، «ئارچا ياپرىقى»، «گۇلەمخان»، «كەچ كۇز»، «خىرە دېرىزە»، «تۇمان»، «يېغىلانغان ھاۋا»، «قۇم ئارىشاڭ»، «باھار ھامان ئىللىق»، «قېنى ئۇ باغلار»، «زاماندىشلا»، «ئاخىرقى پادىچى»، «سەھەردە كۆرگەن چۇش»، «سادا» قاتارلىق 18 پارچە پوۋېست يېزىپ ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى، ئىشلەپچىقىرىش شەكىللىرىنى، دېھقانلار تۇرمۇشىنى، زىيالىيلار تۇرمۇشىنى، ئىلىم – پەن تېخنىك خادىملىرىنى، سودىگەرلەرنى، رەھبىرىي كادىرلارنى، ئادەتتىكى ئاددىي ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان مىجەز – خاراكتېرىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ، ئىجادىيىتىدە ھەقىقىي مەنىدىكى بەدىئىي يۇكسەكلىك ياراتتى.

زوردۇن سابىر بىر ئىجادكارغا خاس يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ھاياتقا يېڭىچە تۇيغۇدا نەزەر تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئۇزلۇكسىز پەيدا بولۇۋاتقان، يېڭى زىددىيەت، يېڭى

مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ئۇنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاسا-
سىدا سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. مەيلى قايسى
ساھەدىكى، قايسى قاتلامدىكى تۇرمۇشنى تەسۋىرلىمىسۇن، ئۇنىڭغا
سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيىۋى روھ بىردەك بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە ئاپ-
تورنىڭ دەۋرگە يېقىندىن ئەگەشكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.
زوردۇن سابىر ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئۆزلىرى-
نىڭ تېگىشلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇۋاتقان ئاددىي ئەمگەكچىلەرنى
قىزغىن مەدھىيىلىدى، قالاقلارنى سەممىمىي تەنقىد قىلدى، روھىي
دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولغانلارنى ئاچچىق مەسخىرە قىلدى،
لېكىن ئۇلارنى ئۆچمەنلىك بىلەن ئىنكار قىلماي بەلكى ئۇلارغا
ئۆزگىرىش، ھەقىقەتكە قايتىپ يېڭى ئادەم بولۇش پۇرسىتى يارى-
تىپ بەردى. زوردۇن سابىر ئەدەبىي پەزىلىتى كۈچلۈك يازغۇچى
بولۇپ، خەلققە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. شۇڭا ئۆزىنىڭ چەك-
سىز مۇھەببىتى ئارقىلىق ئەسەر پېرسوناژلىرىغا ئىللىقلىق ئاتا
قىلىپ، ئۇلارغا توغرا چىقىش يولى كۆرسىتىپ، ھاياتنىڭ ھەقى-
قىي گۈزەللىكىنى تونۇتتى. ئىجادىيەتتە بولسا تۇرمۇشتىن ئۆگى-
نىشكىمۇ، كىتابتىن ئۆگىنىشكىمۇ ئوخشاشلا كۆڭۈل بۆلدى.
ئۇنىڭ بۇنداق ئۆگىنىش روھى ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۈكسەك-
لىككە ئىگە قىلدى. ئۇ ئىلى، مەكىت، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى
ئاساسلىق تۇرمۇش ئۆگىنىش بازىسى قىلىپ ئەسەر يازغانلىقى ئۈ-
چۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئالاھىدە گەۋدىلەندى.

زوردۇن سابىرنىڭ 1984 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئارچا ياپ-
رىقى» ناملىق توپلامغا 1980 ـ يىللىرى يېزىلغان «خەيرلىك
ئىش»، «سۇبھى»، «ئارچا ياپرىغى»، «ۋاپادارلار»، قاتارلىق پوۋېست-
لىرى كىرگۈزۈلگەن.



زوردۇن سابىرنىڭ توپلام ئىچىدىكى «ۋاپادارلار» ناملىق پو-
ۋېستىدا ساددا، ئاق كۆڭۈل، دېھقان قۇباق بىلەن ئىشچان ۋە جاپا-
كەش يېزا ئايالى تۇردىخاننىڭ ئازابلىق مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى
تەسۋىرلەنگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن قۇباق بولسا ياشاشنىڭ قىم-
مىتىنى پەقەت ئۆزىنى ئويلاش، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئارزۇ ـ ھە-
ۋەسلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دەپ چۈشىنىپ ئۆزىنى كېچە ـ كۈن-
دۈز ئازابلاپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى بەخت يولىدا ئىز-
دىنىدۇ. قۇباقنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتى ئەينى يىللاردىكى سول-
چىل سىياسەتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاجىز ۋە
بىچارىلەرنى ئالداش ۋە قورقۇتۇش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ
تۇرمۇش مىزانى قىلىۋالغان، كاززاپ ۋە ھىيلىگەرلىكى بىلەن
ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان دادۇيجاڭ ھېكىمنىڭ دىققىتىنى
تارتىدۇ، شۇڭا ئۇ قۇباققا كۆڭۈلدىكىدەك لايىق تېپىپ بېرىش ئار-
قىلىق ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگۈچى باشپاناھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىقىپ، بۇ ساددا دېھقاننى بولۇشىغىچە قاقتى ـ سوقتى قىلىدۇ.
ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىرادە ۋە زورلۇقىنىڭ رايىش قولىغا ئايلاندۇ-
رۇپ، ئۇنىڭ نامى ۋە ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ نەپسى ۋە
شەھۋىتىنى قاندۇرىدۇ. ھەم ئەمدىلا بەخت تۇيغۇسىدا شادلانغان قۇ-
باقنىڭ ئائىلىۋى بەختىنى قۇتگۈلنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق
ۋەيران قىلىپ ئۇنى ۋاپادارىدىن ئايرىۋېتىدۇ. قۇباقنىڭ ھاياتقا بول-
غان ئۈمىدىنى يىمىرىپ تاشلاپ ئۇنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىدۇ.
ئەنە شۇ چاغدىلا بۇ ساددا دېھقان ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقى ۋە دەپسەندە
قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئازابلىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە
قەھرى بىلەن ھېكىمگە تاشلىنىپ ئادالەتسىز تۇرمۇشنىڭ خور-
لۇقى ۋە رەزىللىكى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرىدۇ.

ئەسەردىكى تۇردىخان بولسا، يېتىمچىلىك تۇپەيلى كىچىكىدىن خورلۇق، كەمسىتىش، ئېغىر ئەمگەك، يېلىڭ ـ يالىڭاچلىق ئىچىدە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان كۆرۈمسىز، باشقىلار تەرىپىدىن «ساراڭ» قاتارىغا چىقىرىۋېتىلگەن ئايال. بىراق ئۇ تاشقى قىياپىتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئەمما ساراڭ ئەمەس، بەلكى گۈزەل قەلبكە ئىگە ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، ساپ ۋە ساددا ئايال. دەسلەپكى يولدىشى قاۋۇل تەرىپىدىن خورلانغان تۇردىخان قۇۋاقنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايدۇ. ياخشى بىر ھىمايىچىگە، قوغدىغۇچىغا ئېرىشتىم دەپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ تۇردىخاننىڭ ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ھەربىر نەرسىنى چىڭ تۇتۇپ باشقۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى تېز راۋاجلىنىدۇ. ئەمما قۇۋاق ئاچ كۆز ھېكىم تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ تۇردىخاندىن چېنىپ ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. تۇردىخان ھامان قۇۋاقنى تەسىرلەندۈرۈپ، ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە تۇردىخاننىڭ ئۆز ئەجىر ـ مېھنىتى بىلەن مىڭ بىر جاپادا بەرپا قىلغان ئائىلىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى بولۇشتەك خاراكتېرىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە جانلىق ئىپادىلىگەن:

«ھېچ سۈرە بىلمىسىمۇ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلىپ خۇدادىن ئېرىگە ئىنساپ تىلەيدۇ، بارلىق مېھرى ـ مۇھەببىتى بىلەن خۇددى كالا موزىيىنى ياخشى كۆرگەندەك، مېكىيان چۈجىسىنى ئاسرىغاندەك، قىزغىنىش بىلەن ئېرىنى ئاسرايدۇ... ئېرىنىڭ بىردەملىك خۇشلۇقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىدۇ. ھەتتا ئېرى ئۈچۈن



موخۇركا ئوراشنىمۇ ئۆگىنىدۇ، ئېرى كەلگۈچە بىر تەخسىگە تاماكا ئوراپ قويىدىغان، ھەر كۈنى ئېرى ئۈچۈن بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ قويىدىغان بولىدۇ.»①

تۇردىخان مانا مۇشۇنداق زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قۇۋاقنى ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ نازۇكلۇقى ھەممىگە ئايان، پۈتۈن مېھرى بىلەن يولدىشىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىنتىلگەن بىر ئايالدا ئۆز ئارزۇسىغا لايىق سۆيۈلمەي، تاشلىنىپ قېلىشتىن ئارتۇق روھىي ئازاب بولمىسا كېرەك. مۇشۇنداق روھىي ئازاب ئىچىدە ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك قۇۋاقنى كۆرۈش ئىستىكىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەگىپ يۈرىدۇ ۋە ھېكىم بىلەن قۇتكۈلنىڭ قۇۋاققا قۇرغان تۆۋەندىكىدەك تۇزاقلىرىنى خۇپىيانە ئاڭلايدۇ:

« — ھېكىمجان!... ئەقىللىق، ئامەتلىك ئادەمسىز ـ دە، قاراڭا، چاندۇرماستىن ئىككى خوتۇنلۇق بولۇۋالدىڭىز...

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى ياشىسۇن! جاھان قالايمىقانلاشسا بىزدەكلەرگە ياخشىكەن... قۇۋاقلارمۇ ئادەم ـ ھە؟ چوكا سالغۇچتىن نېمە پەرقى بار؟... بوينىنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەمنى بوزەك قىلمىساڭ نامەرد بولىسەن... قورقما، بىزدەكلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ چولىسى يوق!» ②

شۇنىڭ بىلەن تۇردىخان ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى يولدىشى قۇۋاقنىڭ ھېكىم بىلەن قۇتكۈل تەرىپىدىن ئالدىنىپ دەپسەندە قىلىنىپ خورلىنىۋاتقانلىقىغا چىدىمايدۇ ۋە

① «ۋاپادارلار»، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 374 ـ بەت.

② «ۋاپادارلار»، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، 399 ـ بەت.

ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ:

— مېنىڭ نېمىگە ئېچىم كۆيسە شۇنى خورلايدىغان دۇنيا، ئەمدى سېنى قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي!...» دەپ ئۆلۈۋالىدۇ. ①

ئاپتور ئەسەردە تۇردىخان ئوبرازى ئارقىلىق پاك سۆيگۈ — مۇھەببەتنى ۋە سەمىمىي — ساداقەتنى، شۇنداقلا ئىنسان گۈزەللىكىنىڭ سىرتقى گۈزەللىكتە ئەمەس بەلكى قەلب گۈزەللىكىدە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«خەيرلىك ئىش» پوۋېستىدا، ئاپتور تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ يازغان بولۇپ، ئەسەردە ئەجرى بىلەن مۇھەببەتنى ئۆزىگە بىر جۈپ قانات قىلىپ ئۆز قىممىتىنى پاكلىق ۋە ھالاللىقتىن ئىزدىگەن ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان ھەمدۇل بوۋاي بىلەن ئىشچان ۋە ۋاپادار كېلىنى زەرىپىخان ھەم پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ ئاقىۋەت يامان كۈنگە قالغان رۇسۇل قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

ئەسەردە ئاپتور بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بىر — بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاسلىقى ئارقىلىق تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخى ھېس قىلىنمىغان يېڭى تەرەپلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ھەمدۇل بوۋاي — ئاق كۆڭۈل، ئەمگەك سۆيەر ئەمما مىجەزى چۈس ئادەم. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمگەكتىن قالمىغان، يەر دېھقاننىڭ قانىتى، يەر دېھقاننىڭ جېنى، يەر دېھقاننىڭ قېنى دەپ بىر ئۆمۈر يەرگە تەر ئاققۇزۇپ، ھاياتىنى ئەمگەك بىلەن مەنە ۋە قىممەتكە ئىرىشتۈرىدۇ.

زەرىپىخان بولسا، ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم ئائىلە ئايالى.

① «ۋاپادارلار»، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 — يىل نەشرى، 400 — بەت.



ئۇ قېيىناتىسىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ، ئېرىگە كۆيۈنىدۇ. ئېرى بىلەن قېيىناتىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يۈز بەرگەندە ھامان قېيىناتىسىنىڭ پىكرىنىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ياساپ قويىدۇ. ئەمما يەنە ئەزەلدىن ئېرىنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدۇ، ئېرىنى خۇددى قول خوجايىنىنى كۈتكەندەك كۈتىدۇ. ئېرىنىڭ پۇل تېپىش يولىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ۋە تالا — تۈزدىكى قىلمىشلىرىنىڭ ناتوغرىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ زادىلا سۈرۈشتە قىلمايدۇ، ئېرىدىكى بۇ ۋاپاسىزلىقنى پۇلدىن ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھامان ئالاھىدە مۇلايىملىقى ۋە ھەسسىلەپ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئېرىنىڭ سوۋۇپ قالغان يۈرىكىنى ئىللىتماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇ شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ئاخىردا يەنىلا ئېرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ.

زەرىپىخاننىڭ ئېرى تەرىپىدىن ئازاب ۋە خورلۇق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ئاپتور تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلىگەن:

«ئۇنىڭ ئۈچۈن يوقسۇل چاغلىرى كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن باللىرى تېخى كىچىك، رۇسۇلمۇ ياۋاش، يۇمشاق، ئەمگەكچان دېھقان ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىكى دۈگىلەك جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋېلىشىپ گۆكۈر — مۆكۈر ئىشتىھا بىلەن زاغرا يەپ، قارا چاي ئىچىپ ناشتا قىلىشاتتى، كەچتىمۇ ئوتياش چاناپ تۇگۇپ تاماق ياكى سۇ پۆرىسى قىلاتتى — دە، ھۇزۇرلىنىپ غىزالىناتتى. غىزادىن كېيىن ئېتىزدا ياكى مەھەللىدە كۆرگەنلىرىنى بىر — بىرىگە ئېيتىشاتتى — دە، باللىرى پالاسلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇ بويىغا ئۇخلاشقا ماڭاتتى. زەرىپە بولسا، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇ چېچىلغان داق يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىشلەپ

هارغان رۇسۇلنى يەلپۈپ ئولتۇرۇپ جىمجىت، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق بىلەن بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىقىنى ئەسلەيتتى. يوقسۇل ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ ـ ھە! ھازىرچۇ؟ ئۇلار باي، بانكىدا، ساندۇقتا پۇلى جىق، ئۆي بىسات دېگەن زەرىپىخاننىڭ ئارزۇ قىلغىنىدىن نەچچە يۈز ھەسسە ئېشىپ كەتكەن، لېكىن بۇ بايلىق ھېسابىغا ئۇنىڭ كۆيۈمچان، ئىشچان ئېرى ئۆزگەرمەكتە. ئۇ ھازىر زەرىپىخاننى مۇھەببەت ۋە ئائىلە ئىگىسى ھېسابلىمايدۇ. ئۇ نەلەردىندۇر ياكى خۇشال ياكى خاپا قايتىدۇ ـ دە، كىيىملىرىنى ئايالىغا يەشكۈزىدۇ، ھەتتا پۇتىنى يۇغۇزىدۇ. مىڭ بىر جاپا بىلەن دەملەپ كەلگەن چېيىنى بىرلا سۇمۇرۇپ قويۇپ:

— نېمانداق بىر نېمە بۇ! — دەپ ۋارقىراپ شالاقىدە چاچىدۇ. گىلەم ئۈستىدە ئوڭدا يېتىۋېلىپ غىزا بۇيرۇيدۇ ـ دە، زەرىپىخان بىر قولىنى ئۇن قىلىپ يورۇپ تاماق تەييارلىغاندا ئۇخلىۋالىدۇ. ئاستا نوقۇپ «ئاش پىشتى» دېسە ياۋايى ھايۋان بالىسىدەك چۆچۈپ تۇرۇپ ئايالىغا ئالىيىدۇ. ئالدىغا كەلگەن تاماقنى تېتىپ بېقىپ قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرۈپ قويۇپ يەنە باشقا تاماق بۇيرۇيدۇ. زەرىپىخان ئىلاجىسىز ئۇنىڭ دىلى تارتقان تاماققا تۇتۇش قىلىدۇ. ئەتىگەنلىكى بەزىدە رۇسۇل بەگ ئايالىغا بىر ھەپتىلىك تاپشۇرما بېرىدۇ ياكى نەق پۇل، يېڭى كىيىم، قاچاندۇر ئۆزى تىقىپ قويغان پىچىقى ياكى بىر نېمىسىنى تەلەپ قىلىدۇ. زەرىپىخان دەرھال تەق قىلالمىسا تىل ـ ئاھانەت ياكى تاياققا قالىدۇ... بايلىق ئۇنىڭ ئېرىنى قويدەك مۆمىن ئادەمدىن باغلاقتا بېقىلغان ئىتتەك يامان خۇيى بار، سەپرا خوجايىنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.» ①

① «خەيرلىك ئىش» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 13 ـ بەت.



رۇسۇل — ئاددىي بىر دېھقاندىن پۇل تېپىپ سودىگەرگە ئايلانغاندىن كېيىن ئەسلىنى ئۇنتۇپ، پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دېگەن ئەقىدىگە چوقۇنۇپ ئاقىۋىتى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشقان ئوبراز. رۇسۇل ئەسلىي ئەمگەكچان، ۋاپادار، ياۋاش يىگىت ئىدى. ئەمما 1970 ـ يىللاردىكى جانغا تېگىدىغان مەجلىس، كۈرەش، كۈنىگە ئۈچ ۋاخ يېيىلىدىغان تەمسىز زاغرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇرتىنى تاشلاپ ئوقەت قىلماقچى بولىدۇ. بۇ جەرياندا ھېلىم جادۇ بىلەن تونۇشىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ يالغان سۆزلەش، ساددا دېھقانلارنى ئالداش بىلەن پۇل تېپىپ بېيىيدۇ. بېيىغاندىن كېيىن پۇل، دۆلەتتىن مۇھەببەتنى ئۈستۈن بىلىدىغان ۋاپادار ئايالىنى تاشلايدۇ. لېكىن رۇسۇلنىڭ تەقدىرى ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېچىنىشلىق پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق دۇنيادا پەقەت ھالال ئەمگەك بىلەن ساپ مۇھەببەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ رۇسۇلغا توۋا قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

«سۇبھى» ناملىق پوۋېستى زوردۇن سابىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان پوۋېستلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتور ئەسەردە ئىلمىي تېرىقچىلىقنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىلىمنى ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى باي ـ باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتور ئەسەردە يەنە يېزىلاردا ئىلمىي تېرىقچىلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، سورتلۇق ئاشلىقنىڭ مەھسۇلات بىرلىكىنى ئاشۇرۇشتا بىرقەدەر مول بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى يېتىشتۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ خىل ئىدىيىنى

قەلبى ھايات ۋە مۇھەببەتكە تولغان يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىزدىنىش
روھىغا ئىگە ئەسئەت، راھەت، سۇبھى قاتارلىق بىر تۈركۈم يېڭى
ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازى ئارقىـ
لىق يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەر باش قەھرىمانى ئەسئەت ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىـ
دىغان، خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىشنى بەخت دەپ بىلىدىغان غايىـ
لىك، ئىرادىلىك، ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولـ
غان يېڭى ئىگىلىك مۇتەخەسسىسى. ئەسئەت ياشلىق دەۋرىدە بەڭۋاش
ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەي خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى
ئۈچۈن ئىخلاس بۇۋىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا مەن سەۋەبچى بولدۇم دەپ
قاراپ ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ ھەم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇھەببەتكە
ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، بارلىق زېھنىنى ئىلىم ـ
پەنگە بېغىشلايدۇ.

پوۋېستتا ئەسئەت ئوبرازىدىن باشقا ئىشەنچ بىلەن مۇستەقىل
ياشاشقا قەدەم قويغان، باشقىلارنىڭ مەسخىرە ۋە تاپا ـ تەنىلىرىگە
قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان، ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
قەتئىي كۈرەش قىلىدىغان تىرىشچان، پەزىلەتلىك، راھەت ھەم ئىـ
لىم ـ پەنگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان ھەق ـ ناھەق ئىدىيىسى
كۈچلۈك بولغان سۇبھى، زامانغا لايىق ئىقتىدارغا ئىگە غىلمان
ھاكىم، دېھقانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىرىشكەن ئاۋام شۇجى قاتارلىقـ
لارنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان. ئاپتور ئەسەردە ئۆز
پېرسوناژلىرىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى قىلچە
پەردازلىماي، ئۇلار يولۇققان پاجىئە ۋە كېلىشمەسلىكلەرنى
پېرسوناژنىڭ مۇھىم تەرىپى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ ئۆز پېرسوناژـ
لىرىنىڭ ئەڭ قىيىن شارائىتتىكى روھىي ھالەتلىرىنى ۋە بۇ



قىينىچىلىقلارنى يېڭىشتىكى ھايات ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن.

زوردۇن سابىرنىڭ «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستىدا ئىـ
لىم ـ پەن ۋە يېڭىلىق يارىتىش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان،
ئىزدىنىش روھىغا ئىگە زىيالىيلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتى ھەم
ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى خىزمەت، مۇھەببەت، نىكاھ ئىشـ
لىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، مۇھەببەتنى ئىلىم ـ پەن ۋە گۈزەل
غايە ـ ئارزۇلار بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ
كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.

زوردۇن سابىرنىڭ 1980 ـ يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە يەنە تارىـ
خىي تېمىدا يېزىلغان «گۈلەمخان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىغا
كىرگۈزۈلگەن شۇ ناملىق پوۋېستمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئەۋج ئالغان تارىخىي شاـ
رائىت ئاستىدىكى رەزىللىكنىڭ ۋەكىلى بولغان ئۆز نەپسى ئۈچۈن
ئەمگەكچى خەلقنى ئىنسانىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ كىلىۋاتقان
ئەڭگە باي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش فېئودالىزمنىڭ سادىق ھېمايىچىـ
لىرى بىلەن غۇلام مەزىنگە ئوخشاش ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ
زۇلۇمغا قارشى خەلقنى ئويغىتىش، ئىنقىلاب ئارقىلىق خەلقنى ئاـ
زادلىققا، ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىـ
قىدەك زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە گۈلەمخان بىلەن زىلەمخاندىن
ئىبارەت ئاق جەھەتتىن ئويغانغان، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە فېئودالىق
ئائىلە نىكاھ تۈزۈمىگە باتۇرلۇق بىلەن ئوت ئاچقان ئىسيانكار قىزلاـ
رنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

بۇ قىزلار ئەقىل ـ ھوشلۇق بولغاندىن سىرت، ئۆتكۈر تىلغا
ئىگە بولۇپ، قاپىيىلىك سۆزلەرگە، قوشاق، بېيىت توقۇشقا شۇنچىـ
لىك چاققان، مەھەللىدىكى غۇلام مەزىندىن باشقا ھېچكىم ئۇلارغا

تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى دەپ قارىغان كىشىلەرنى قوللايدۇ، ھىمايە قىلىدۇ، دۈشمەنلىرىگە قىلچە يۈز ـ خاتىر قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

ئاپتور ئەسەردە بۇ قىزلارنىڭ باتۇر، قورقۇمسىز، مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئېنىق خاراكتېرىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ:

«ئېرىم قىل، زىياۋۇدۇننىڭ بۇلبۇلى، قوشاق بىلەن ئېرىم قىل! قىز سوغا بىلەن بېشىنى ھىمايە قىلىپ ئوت چاقنىغان كۆزلىرىنى ئالايتتى.

—ۋۇي بۆجەن، چەكچەيمە، بىكارلا بۇركۇتكە يەم بولسەن! —باي بۇركۇتنى قىزنىڭ بېشىدا پۇلاڭلاتتى. لېكىن قىز ۋار ـ چۇر قىلمىدى. سوغىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆزىنى ھىمايە قىلدى.

—بول قانجۇق! —باي ھۆمايدى.

—چاشقان ئېلىك! —قىز غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

—نېمە؟ —باي قامچىسى بىلەن قىزنىڭ دولىسىنى چىرتىپ ئۇردى.

—توڭگۇز ئېلىك، ئىلاھىم! —قىز سوغا بىلەن ئاتنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئات خارىلداپ ئارقىغا شوخشىدى. قالغان ئوۋچىلارمۇ قىزنى ئوراپ قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ باي ئۈچۈن ياقا يىرتىشقا تەييارلىنىشتى. لېكىن باي بوزىرىپ ـ تاتىرىشنىڭ ئورنىغا قىزغا قاراپ ھىجايدى.

—بولدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار. نېمە ئالىدىغىنىمىنى كۆزدە كۆرىدۇ بۇ چىرايلىق، ھى ـ ھى ـ ھى! قىز، قېنى بىر بېيىت ئېيتقىنا، ئاق يوللۇق بولايلى.

قىز نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن بايغا تىكىلدى ـ دە، قوشاق



ئوقۇدى:

ئوچاق بېشىدا ئويماق،
بۆكىڭىزنى قىردا قويماڭ.
مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس،
خىلىڭىزنى تېپىپ ئويناڭ.①

يۇقىرىدىكى دىئالوگدا گۈلەمخاننىڭ باتۇر قورقۇمسىز خاراكتېرىنى مانا مۇشۇنداق ئېچىپ بەرگەن بولسا، زىلەمخاننىڭ شوخ، تېتىك، قورقماس ئىسيانكار خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى قوشاق ئارقىلىق ئىپادىلىگەن:

ئۆرۈكنى قېقىمۋەتتى،
تۆتىنچى ئاينىڭ دوقىلى.
يوقالمىسەن كۆزۈمدىن،
ئەڭگە باينىڭ توقىلى.②

ئەسەردە ئاپتور يەنە گۈلەمخاننىڭ قىزلارغا خاس لاتاپەتكە ئىگە چېچەنلىكىنى سۈرەتلەپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوغۇللارغا خاس چەبدەس ۋە دادىللىقىنى ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

« —ئاتقا مىنىڭ! —دېدى گۈلەمخان ئوغۇلچە ياساندىغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ.

— نېمىگە؟ —بوساق مەقسەتسىز سورىدى.

①② «گۈلەمخان» پوۋېستى، «گۈلەمخان» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 13 ـ ، 38 ـ بەت.

— تېخى بىلمەمسىز!؟ — دېدى گۈلەمخان دادىللىق بىلەن، — مەن بۇ يەرگە بىكار كەلمىدىم، مېنى ئېلىپ قاچىسىز!

— ياق، ياق، مەن قورقىمەن، — بوساق داجىدى، — سىز ئەڭگە باينىڭ!...

— ئۇنداق بولسا، — دېدى قىز ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، — مىنگىشىڭ، مەن سىزنى ئېلىپ قاچاي!» ①

گۈلەمخان غۇلام مەزىندەك ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا زالىم بايلار ۋە ھۆكۈمرانلارغا نەپرەتلىنىش، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇڭا ئۇ ئىنسان ھۆرلۈكى ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قاماللىرىنى يۈكسەك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى بىلەن دادىل بۆسۈپ ئۆتۈپ، توي كۈنى قېچىپ كېتىدۇ ھەم غۇلام مەزىن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار سېپىگە قېتىلىپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەدە جياڭجۇننى ئاغدۇرۇش كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئاشكارا ھالدا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گۈلەمخاننى قاچۇرۇۋېتىش ئىشى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن ئەڭگە بايغا ياتلىق قىلىنىشتىن ئىبارەت بۇ شۇم تەقدىر زىلەمخاننىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن گۆدەك قەلب ئىگىسى زىلەمخان ئەڭگە باي تەرىپىدىن نابۇت قىلىنىدۇ. زىلەمخان ئۆز قەدىر - قىممىتىنى بۇنداق ئاياغ ئاستى قىلىپ ياشاشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۆزىنى

① «گۈلەمخان» پوۋېستى، «گۈلەمخان» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 116 - بەت.



دەرياغا تاشلىۋالىدۇ.

دېمەك، ئاپتور گۈلەمخاننىڭ دادىللىق بىلەن قولىغا قورال ئېلىشى، زىلەمخاننىڭ ئۆلۈمى ئارقىلىق قارشىلىق كۆرسىتىش يولىغا مېڭىشىدەك ئىسيانكار روھى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىگە، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياۋۇز قاتىللىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن.

بۇ پوۋېستتا گۈلەمخان ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، كىشىگە ھەم تارىخىي چىنلىق تۇيغۇسى ھەم بەدىئىي لەززەت بېغىشلايدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ «گۈلەمخان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن «كەچ كۈز» پوۋېستىدا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»نىڭ 1 - دەرىجىلىك كۈرەش قەھرىمانى زىخرۇللا نادىروفنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ، ئۇ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە دۇچ كەلگەن ئوخشىمىغان قىسمەتلىرىنى بايان قىلغان، شۇنداقلا يەنە شەخس بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەر باش قەھرىمانى زىخرۇللا نادىروف ھەق - ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك، مىللەتنى ئازاد قىلىش يولىدا ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتىرىگە قارىماي باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەھرىمان. قاراملىق، قورقۇمسىزلىق ئۇنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك. زىخرۇللانىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى ئاپتور تۆۋەندىكى پارچىلاردا مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

« — پاھ، يۈرىكى قاپكىنا!

— يات، ئۆلىسەن!

— قاراملىقىنى ۋۇي!

— ئوغۇل بالا! — دەپ ۋارقىراشتى

زىخرۇللا ئوق يامغۇرى ئىچىدە يۈگۈرۈپ، ئۆمىلەپ، دومىلاپ يۈرۈپ ئالتە يەشىك ئوقنى ئاپارغاندا، مىناميوت ئوقىدىن پوتەي پارتلىدى.»①

« — بولدى قىل، نادىروف، ئىنتىزامنى بۇزغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەتە!...

— پارتىزانلارغا ئۈچ تال قورال تېپىپ بىرىپ، ئەتە ئېتىلىپ كەتسەم مەيلى! — دېدى نادىروف.»②

1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خىرە دېرىزە» ناملىق پوۋېستلار توپلىمىغا زوردۇن سابىرنىڭ «خىرە دېرىزە»، «تۇمان»، «يېڭىلانغان ھاۋا» قاتارلىق ئۈچ پارچە پوۋېستى جەملەنگەن.

«خىرە دېرىزە» ناملىق پوۋېستتا ئاپتور ئاساسلىق ئىسرائىل بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى چېقىلىش ۋە چېقىلماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار زىددىيەتلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق بىر قىسىم پارىخور، نەپسانىيەتچى، پارتىيە سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلماي ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەن رەھبىرىي كادىرلارنى پاش قىلغان.

ئەسەردە ئاپتور رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەتتىكى پەرۋاسىزلىقى بىلەن تۇرمۇشتىكى چاكىنىلىقىنى تۆۋەندىكى دىئالوگ ئارقىلىق دەلىللەپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

« — نېمىگە ئالدىرايسەن، باشلىقىڭ كۈتۈۋېرىدۇ، — دەيدۇ بىر شوپۇر سۆھبەتدىشىغا، — بىزدە خىزمەتكە كېچىكىدىغان باشلىق يوق. سائەت ئوندا ئىشقا كەلسىمۇ ئۇنى نەگە باردىڭ دەيدىغان ئادەم

① ② «كەچ كۈز» پوۋېستى، «گۈلەمخان» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 430 ـ ، 435 ـ بەت.



چىقمايدۇ. بىزنىڭ باشلىقنى ئالساق، ئەنە ماشىنىدا ئۇخلاۋاتىدۇ، تۆت سائەت كېيىن تۇرسامۇ رەللى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشى ئاخشاملىقىقا باشلىنىدۇ ـ دە.

— نېمە، سېنىڭ باشلىقىڭ كېچىدە ئىشلەپ كۈندۈزى دەم ئالامدا؟

— قاپاقباش، كېچىچە ئولتۇرۇش، تانسا! ھەر كۈنى بولمىسىمۇ بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن...»①

ئەسەردە يەنە ئىسرائىل بوۋاينىڭ قورۇسىدا ئىجارىگە ئولتۇرغان ئۈچ ئائىلىلىك كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى، مىجەز ـ خۇلقى، دۇنيا قارىشى، خاراكتېرىنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئىسرائىل بوۋاي قورۇسىنىڭ پىلان سىرتىدا قېلىپ چېقىلماسلىقىنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئەمەس بەلكى ئۆز جايىغا ئۆزىمۇ ئىگە بولالماسلىقتەك خورلۇق، ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ تۈپ نېگىزىنى ئېچىپ بەرگەن.

«تۇمان» ناملىق پوۋېستتا ئەۋلاد ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، مىللەتنىڭ سۈپەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ماددىي بايلىقىقا قارىغاندا مەنىۋى بايلىقنىڭ قىممەتلىكىنى تونۇپ يەتكەن، بۇ يولدا توختىماي ئىزدىنىۋاتقان مۆمىن ئەپەندىنىڭ يېڭى قۇرماقچى بولغان ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردە سودا قىلىپ بېيىغان سودىگەر بايلاردىن پۇل ئىئانە توپلاپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتەك ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تارتقان جاپا، خورلۇق، ئازابلىرى سۈرەتلەنگەن ھەم پۇل تېپىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان،

① «خىرە دېرىزە» پوۋېستى، «خىرە دېرىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، 12 ـ بەت.

هەممىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان، پۇل تاپقاندا
ئەسلىنى ئۇنتۇپ يۈرىكى قارىداپ كەتكەن پازىلغا ئوخشاش بىر
قىسىم نائىنساپ سودىگەرلەر قاتتىق قامچىلانغان.

ئاپتور ئەسەردە مۆمىن ئەپەندىنىڭ گۇاڭجۇغا كەلگەندىن كې-
يىن تۇنجى ھېس قىلغان ئوي ـ خىياللىرى ئارقىلىق ئۆزى ئوي-
لىغاندەك ئارزۇغا يەتمەكنىڭ تەسلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ كېچە ـ كۈندۈز بوراندەك گۈركىرەپ
تۇرىدىغان كوچىلىرى بىلەن دىمىق ھاۋاسى، ئالدىراش سوغۇق قان
ئادەملىرى بىلەن تىنىمسىز ماشىنىلىرى مۆمىن ئەپەندىنى بى-
رىنچى كۈنىلا زېرىكتۈردى. ئۇ ياخشى نىيەت بىلەن قۇرغان ئىج-
تىمائىي ئالىي تېخنىكوم ئۈچۈن ئىئانە بېرىش بۇ يەردىكى ئون
مىڭدەك مەردانە ئوقەتچىلەر ئۈچۈن كۆڭۈللۈك بىر ئىش دەپ ئوي-
لىغان، شۇڭا ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنى بىر چوڭ ھۆرمەت كۈتۈپ تۇرغى-
نىدىن گۇمانلانمىغاندى. لېكىن مانا سەنيۇەنلىنىڭ ئۇيغۇر ئوقەت-
چىلىرى توپلىشىپ يۈرىدىغان دوقمۇشلىرىدا تۆت ـ بەش سائەتتىن
بېرى تۇرماقتا، ئەمما ئۇنىڭغا سالام قىلغۇدەك بىرمۇ ئادەم چىق-
مىدى. ئاشپەز، ناۋاي، تاۋۇزچىلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش،
ماللىرىنى تارتقۇزۇپ قويۇشقان يىگىتلەرنىڭ ئاغزىدىن شىكايەت-
تىن باشقىنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ. ئوقىتى راۋاج تاپقان يىگىتلەر
بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈك، بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن زەنجىرلىرى
بىلەن مۆمىن ئەپەندىگە شۇنداق يوچۇن بىلىندىكى، ئۇلاردىن
ئىئانە ئۈچۈن پۇل سوراش گويا دۈشمەن ئالدىغا يىقىلىشتەك بىر
ئىش.» ①

① «تۇمان» پوۋېستى، «خىرە دېرىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1993 ـ يىل نەشرى، 89 ـ بەت.



مۆمىن ئەپەندى گۇاڭجۇغا كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا بۇ سودى-
گەرلەردىن ئىئانە يىغىشنىڭ دۈشمەننىڭ ئالدىغا يىقىلىش بىلەن
باراۋەرلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېڭىدىن قۇرماقچى
بولغان ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدا بىلىم ئېلىپ يا-
راملىق ئەۋلاد بولۇپ تەربىيىلىنىدىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسى بول-
غان بالىلارنى ئويلىغاندا ئۇلارغا تىزلىنىشقىمۇ رازى بولىدۇ. لې-
كىن ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ياتلىشىپ كەتكەن پۇلدارلاردىن پۇل
چىقمىغاندىن كېيىن مۆمىن ئەپەندى باشقىلارغا يالىنىپ سىن-
ئالغۇ ھايانكەشلىكى بىلەن خوجايىنى ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ
ئىشلەيدۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرى بىلەن پۇلدار
ئوقۇغۇچىلىرى بۇنى نومۇس بىلىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكېتىش
ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئەمما مۆمىن ئەپەندىنى ئۇلار
ئەكېتەلمەيدۇ.

مۆمىن ئەپەندىنى بۇ يەرگە باغلاپ تۇرغان رىشتە ئۇ تاپىدىغان
ئەللىك ـ ئاتمىش سوم پۇل ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن
قاتلىمىدىكى ئازغان، ئەمما جىنايەت ۋە خېيمخەتەر بىلەن ھەر مى-
نۇت ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بالىلار بىلەن مانا مۇشۇنداق خرۇئېنغا
خۇمار بولۇپ ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ تەقدىرى بو-
لىدۇ. «بۇ خۇددى نان ئىسراپ بولسا، ھەممىدىن بەك دېھقان ئې-
چىنغاندەك، گۆشى بەزەپ بولسا چارۋىچى بىئارام بولغاندەك، مېۋە
تاشلانسا باغۋەن چىدىمىغاندەك بىر خىل تەبىئىي سەزگۈ ئۇنى بۇ
يەرگە باغلاپ تۇرىدۇ. بۇنى ھەممىنى پۇل بىلەن ئۆلچەشكە كۆنگەن
ئوقەتچىلەر ھەرگىزمۇ چۈشەنمەيدۇ.» ①

① «تۇمان» پوۋېستى، «خىرە دېرىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1993 ـ يىل نەشرى، 131 ـ بەت.

ئاپتور ئەسەردە مەردلىك بىلەن خەسىسلىك، ئالىيجانابلىق
بىلەن چاكىنىلىق، مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن شەخسىيەتچىلىك،
مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن نادانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك
مەسىلىلەرنى سىلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرى-
گە مۇناسىۋەتلىك زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى يورۇتۇپ، ھەربىر
ئەقىل ئىگىسىنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا تاشلىغان.

زوردۇن سابىر «سەبرى» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلغان
«يېڭىلانغان ھاۋا» ناملىق پوۋېستىدا، مەشچىلىك قىلىپ، ھالال
ئەمگەك بەدىلىگە بېيىغان، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، ئەمگەكچان،
قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆز بۇرچى دەپ قا-
رايدىغان، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، شۇنىڭدەك
بارلىقىنى ھاۋانى يېڭىلاش، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق
كەلگۈسى ئەۋلادلارغا گۈزەللىك يارىتىپ بېرىشتەك جاپالىق ئەم-
گەككە بېغىشلىغان ئابلا ئۇستىنىڭ جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى
ياراتقان. ئابلا ئۇستام چوڭ ئوغلىنىڭ تەييارنى يەپ، بەش ۋاخ نامى-
زىنى ئوقۇپ ياتساڭ بولمامدۇ دەپ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي قە-
رىق-ئەللىك مىڭ سوم پۇل خەجلەپ دەريا بويىغا كۆل، دەل-دە-
رەخ، مېۋىلىك كۆچەت، گۈل-گىياھلارنى ئۇندۇرۇپ، ئىلىنىڭ
بۇلغانغان ھاۋاسىنى يېڭىلىماقچى بولىدۇ. ئابلا ئۇستام ئۆمۈر بويى
قەلەي، بولقا بىلەن ھەپىلىشىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا پۇت-قولىنى
سۇنۇپ يېتىپ لەززەت سۇرۇشنىڭ ئورنىغا «ھاۋا يېڭىلايمەن» دەپ
ئۆزىگە ئۆزى جاپا تېپىپ يۈرۈۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ
«يېڭىلانغان ھاۋا» دىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويى-
مايدۇ. مانا بۇ ئابلا ئۇستامنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەر ئېسىل
ئەخلاق-پەزىلىتى، دەرۋەقە ئابلا ئۇستام مەڭگۈگە كۆز يۇمىدۇ.



ئاپتور بۇ پوۋېستى ئارقىلىق تەبىئەتنى قوغداش، مۇھىتنى
ساپلاشتۇرۇپ ئەۋلادلار ئۈچۈن گۈزەل مۇھىت بەرپا قىلىپ بېرىش-
تەك دۇنياۋى تېمىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

«باھار ھامان ئىللىق» دېگەن پوۋېستتا زوردۇن سابىر يەكەن
دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ،
پوۋېستتا خىزمەت كۆرسىتىپ ئىناۋەت تېپىپ شۇجى بولغاندىن
كېيىن ئىدىيىسى ئۆزگىرىپ خەلقنى ئۇنۇتقان، نەپسى يوغىناپ
خەلق بىلەن، پارتىيە بىلەن چىقىشالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن
ھوشۇر بىلەن «راست گەپ قىلىسمۇ جازالىنىدىكەن» دەپ قويغان
بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن سولچىل ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكىگە
ئۇچراپ ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نامى
ئەسلىگە كېلىپ، يېزىغا ئەۋەتىلگەن يېڭى يېزا كادىرى ئاقچى
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تەسۋىرلەنگەن. بۇ پوۋېستتا ئاپتور بىر
قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدىكى چىرىكلى-
شىشىنى نۇقتىلىق ئېچىپ بەرگەن. مەسىلەن:

« — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تۇردىكا، — دېدى سوئال بەلگىسى-
دەك ئېگىلىپ، — بۈگۈن تۆت تونىنا خىمىيە ئوغۇت كېلىپ قالدى.
سىلى نۇقتىلىق ئائىلە بولغاچقا، بۇ ئوغۇتنىڭ ھەممىسىنى سى-
لىگە بېرىشنى قارار قىلدۇق.

—باشقىلارچۇ؟ —دېدى تۇردى تەۋاز دەرھال ئۆڭۈپ،—
باشقىلار ھاك بىلەن زاك چاچامدۇ؟

—سىلى دېگەن نۇقتا، دادۇينىڭ تراكتورىنىمۇ سەمەت ئا-
ۋاقتىن ئېلىۋېلىپ سىلىگە بېرىدىغان بولدۇق، سىلىنى يۆلەش
بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، ئاكا!

—نەچچە ۋاقتتىن بېرى نەدە قالغان رازاق شۇجى؟ —دېدى

تۇردى تەۋاز ئاق ئارىلاش سېرىق ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، — ئۇن تال تېرەك ياغاچنى مۇشۈكنىڭ بالىسىنى يېگەندەك يېدىلە، بۇ قىلتاق بىلەن قانداق قىلماقچى سىلى زادى؟

—نېمىلەرنى دەۋاتىدىلا، تۇردىكا، ئىگەكىم، ۋىلايەتنىڭ شۇجىسىغا مۇشۇنداق دېدىلىما؟

—دېمەيچۇ؟ ھەممىنى دېدىم. قانچىلىك يەرنى ئۇشۇق تېرىدىلا، دېھقانلارنى قانچىلىك ئىشلەتتىلە، داۋىينىڭ قانچىلىك ياغاچلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالدىلا، قاراڭغۇ بازارچىلارغا قانچىلىك بۇغداي سېتىپ، قانچىلىك پارە ئالدىلا، بالىلىرىنىڭ تويىغا سويغان قوي، مېھمانلىرىغا سويغان قويلىرىنى قاچان، كىم ئارقىلىق داۋىينىڭ ھېسابىغا ھەيدىدىلە، قانچە يەرگە جاي سېلىپ، ئۇنى سېتىپ قانچىلىك پايدا ئالدىلا، خىمىيە ئوغۇتنىڭ ھەر كىلوسىدىن قانچىلىكتىن پايدا ئالدىلا... ھەممىنى دېدىم، قانداق؟ مەن دەپ بولالمىغاننى باشقىلار دېدى، باراتجان ھەممە يېگەن - ئىچكەنلىرىنى بىر دەپتەر قىلىپ يېزىپ بەردى. سىلىنىڭ تاياقلىرىنى يېگەنلەر بەدەنلىرىدىكى تېخى ئۆچمىگەن جاراھەت ئىزلىرىنى كۆرسەتتى. سىلىنىڭ خوتۇن قىلىشلىرىغا ئۇنىمىغان كېلىنلەرنىڭ ئەرلىرىمۇ ھەممىنى ئېيتتى. قانداق دەيلا؟ سىلى پارتىيىنىڭ شۇجىسىمەن دەپ يۈرەتتىلە، شۇجى ئەمەس، توڭگۇزكەنلا، ئېشەككەنلا، ئىتكەنلا!» ①

«باھارنىڭ بېشىدا تۇردى تەۋاز يېرىگە ئوغۇت چېچىۋاتقاندا ئېتىز بېشىدا كىچىك ماشىنا توختىدى. ماشىنىدىن چىككە چاچلىرى ئاقارغان بىر كىشى چۈشتى - دە، تۇردى تەۋازنىڭ يېنىغا

① «باھار ھامان ئىللىق»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 350 - بەت.



كەلدى. ئۇ تۇردى تەۋاز بىلەن كۆرۈشتى، ئەھۋاللاشتى. يېزىنىڭ موسانى، بۇلتۇرقى ئومۇمىي مەھسۇلاتى، سۇنىڭ يېتىشكەن - يېتىشمىگەنلىكى، قانچىلىك ھاشار ئىشلىگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سوراپ كېلىپ:

—نېمە كەمچىل؟ —دەپ سورىدى، ئاقچىنىڭ جازالىنىشى، باراتجان ۋە ئۆزىنىڭ زەربە يېيىشى بىلەن كادىرلارغا ئۆچ بولۇپ قالغان تۇردى تەۋاز بىردىنلا تېرىكتى:

—نېمە كەمچىل؟ نېمە بولاتتى ھەقىقەت كەمچىل! بىزنىڭ يەرلىرىمىزدە تاش تېپىلمىغاندەك، گۆشىمىزدا ھەقىقەت تېپىلمايدۇ!» ①

يۇقىرىقى دىئالوگلار ئارقىلىق ئاپتور ئەسەردە رازاقتا ئوخشاش يېزا كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملەپ ئىجتىمائىي تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆزلىرى ياقتۇرغاننى ئۈستۈرۈش، ئۆزلىرىگە قارشى پىكىردىكى شەخسلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياستى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش، رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدىكى ئۆزلىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇش ئىقتىدارىغا ئىگە كادىرلارنى بولسا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ئورۇنغا چىقىرىۋېتىش ۋە ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشتەك ناتوغرا خىزمەت ئىستىلىنى ئېچىپ بەرگەن. ئەسەردە يەنە ئاقچى ۋە باراتجاندەك خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ھالال مېھنىتى بىلەن بېيىغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق تۇردى تەۋاز قاتار-

① «باھار ھامان ئىللىق»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 351 - بەت.

لىق دېھقانلارنىڭ ناھەقچىلىقلاردىن كېيىنكى خىزمەت، تۇرمۇش ۋە ئەمگەكتىكى نەتىجىلىرى ئارقىلىق ھەقىقەت ئېگىلىسىمۇ سۇنمايدۇ دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرگەن.

زوردۇن سابىرنىڭ كېيىن ئېلان قىلىنغان پوۋېستلىرىدىن «قۇم ئارىشاڭ»، «قېنى ئۇ باغلار»، «زاماندأشلار»، «ئاخىرقى پادىچى» قاتارلىق پوۋېستلىرىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

زوردۇن سابىرنىڭ «قۇم ئارىشاڭ» ناملىق پوۋېستىنى ئادەتتىكى ئاددىي تېما ئارقىلىق زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرگەن ئۇتۇقلۇق ئەسەر دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئاپتور ئەسەردە زېرىپ تەمبۇر بىلەن راھىلە ھاجىم خېنىمنىڭ قىرىق نەچچە يىلدىن كېيىنكى قۇم ئارىشاڭدا قايتا ئۇچرىشىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەگرى - توقاي يىللاردىكى قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆز مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللار مابەينىدە بىر - بىرىنى ئۇنسىز سېغىنىپ كەلگەن ھېس - تۇيغۇلىرى ئارقىلىق ھەممىلا ئادەمدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرلىرى بىلەن ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغان تۇنجى مۇھەببەتنى تەسۋىرلىگەن.

ئەسەردە ئىلى دەرياسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى چەت ئەللەر بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىش ئارقىلىق ئۆز يۇرتى ۋە ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان. ئەسەردە يەنە مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت قاتلىمىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى پاكىت ۋە تەپسىلاتلار تەسۋىرى ئارقىلىق يارقىن سۈرەتلەپ بەرگەن.

يازغۇچى ئارىشاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆزنەك ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ خىلۋەت بوشلۇقلىرىغا يوشۇرۇنغان خۇشاللىق بىلەن ئازابنى



تولۇق ئېچىپ بەرگەن، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، گۈزەللىكنىڭ ھەممىنى مەپتۇن قىلىدىغانلىقىنى، ئاددىي تۇرمۇش قاينىمىغا مۇرەككەپ ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

زوردۇن سابىرنىڭ «قېنى ئۇ باغلار» ناملىق پوۋېستىدا ئاپتور ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بولغان رەخىم ئۇسمانوفنىڭ ۋەتەنگە — ئۆز يۇرتىغا كېلىپ بالىلىق دەۋرىدىكى قەدىناس دوستى غۇلام ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنكى قىزغىن سۆھبىتى ۋە ئۇنتۇلماس بالىلىق ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق تارىخ بىلەن بۈگۈننى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن چەت ئەللەرنى روشەن سېلىشتۇرما قىلىپ شۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن يېزا دېھقانلىرىدىكى ئىدىيە جەھەتتىكى قاتماللىق، مەدەنىيەتسىزلىكنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن دوستلۇقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى مەدھىيىلىگەن. شۇنداقلا دۇنيا، مىللەت، ياشاش، ئەركىنلىك ھەققىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئۆز مىللىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، ئۆزىدىكى مەنىۋى ئاجىزلىق ۋە يوقىتىپ قويغان گۈزەللىكلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە چاقىرغان.

ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن رەخىم ئۇسمانوف ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناس. ئۇ كەڭ تەبىئەت ئىلمىدىن جەمئىيەت ئىلمىگىچە، ئېيىنشتېيىننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسىدىن تارتىپ فروئىتنىڭ روھ ئانالىز تەلىماتىغىچە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئالىم. ئەسەردە ئاپتور رەخىم ئۇسمانوفنىڭ كۆپ تىللىق بىلىم ئەھلى ئىكەنلىكىنى يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپىنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«——سۆزلىسە، گېپىنىڭ يېرىمى ئۇيغۇرچە، قالغىنى ئوروسچە، ئىنگلىزچە، ئىتالىيانچە، گېرمانچە، فرانسۇزچە، گرېكچە ھەرقانداق بىر ئىشنى بىر ئىلىمگە سالالايدىكەن. ھەتتا چاشقاننىڭ سەزگۈرلۈكى بىلەن بوۋاقنىڭ خەقىشلىكىنىمۇ بىر پەنگە توغرىلىيالايدىكەن جۇمۇ، ——دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت كاتىپى 10 ـ سىنىپنى تۈگەتكەن چىرايلىق يىگىت يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى چالا ساۋات، ئەمما ئىشچانلىقى، ئەستايىدىللىقى بىلەن ھۆرمەت تاپقان ساۋۇت خاپانباش ئىسىملىك توختىغان ئادەمگە ئالىمنى تونۇشتۇرۇپ، ——ساۋۇت شاڭجاڭ بىر سۆھبەتلەشسىڭىز ئۈچ ئايلىق كۇرسنى تۈگەتكەندەك بولۇپ قالىدىكەنسىزكەن.»①

ئۇ يەنە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان غەربچە ئەركىن مۇھەببەت ۋە ئەركىن تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاڭ جەھەتتىن يەنىلا بەزى كونا قاتمال ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ گۈلزار بىلەن ئايدىڭ كېچىدە قولتۇقلىشىپ ماڭغاندا يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ، ئۆز ئۇستىدىن تاپقان سۆز ـ چۆچەكلىرىگە ۋە مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىگە ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ يۇرت خەلقى تەرىپىدىن ئۆز بىلىمى بىلەن ھۆرمەتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى كۈچلۈك بولغان يۇرتداشلىرىنىڭ ئەيىبلىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاپتور بۇنى تۆۋەندىكىدەك قۇرلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بەرگەن:

«——ساۋۇت، بۇ سەنمۇ ئاداش! ——مېھمان ئۇنى قۇچاقلاپ، يۇ-

① «قېنى ئۇ باغلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 5 ـ سان، 13 ـ بەت.



زىنى يۈزىگە ياقتى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىگە سۆيدى. ئەرلەرنىڭ ئەرلەرنى سۆيۈشى ساۋۇتنىڭ قارىشىچە بىر خىل ئەخلاقسىزلىق ئىدى، ئۇ دەرھال يېڭى بىلەن ئىككى مەڭزىنى ئېرتتى.»①

ئاپتور يەنە ئەسەردە پېرسوناژلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى ئارقىلىق تارىخ بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بولغان قاراشلىرىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ :

«——پاھ ئەجەب چاغلاركىنا ـ ھە، كاللىلار تالادا ياتاتتى، ھويلىلار غورۇلانمايتتى، خامانلاردا چەش بۇغدايلار ھەپتە ـ ھەپتىلەپ قىزىل پېتى تۇرۇۋېرەتتى. ئوغرى دېگەن يوق ئىدى. سۇڭگۈچتىن ئۆمىلەپ، باغدىن ـ باغقا شۇڭغۇپ، مېۋىنىڭ يېڭى پىشقىنىنى يەيتتۇق. قوغۇنلۇقلاردا قارانچۇقتىن باشقا خوجايىن بولمايتتى.

ھازىرچۇ؟ ئەسكى سۇپۇرگىنىڭمۇ ئوغرىسى بار. بىر تال سويمىغا بىر بالاڭنى پوست قويمىساڭ قوغۇن يېيەلمەيسەن!...»②

دېمەك، ئاپتور ئەسەردە رەخىم ئوسمانوفنىڭ ئۆز يۇرتىدا تۇرغان ئون نەچچە كۈنلۈك قىسقىغىنە تۇرمۇش كەچۈرمىشى ئىچىگە تارىخ بىلەن بۈگۈننى، چەت ئەل بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋى ئاڭدىن ئىبارەت كەڭ مەزمۇننى سىغدۇرۇپ ئىپادىلەپ، ئەسەرنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرغان.

«زامانداشلار» ناملىق پوۋېستىدا بولسا ئاپتور ئەسلىمە ۋە روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىستىل مەسىلىسىنى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ساختىلىقىنى كۆتۈرمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

①② «قېنى ئۇ باغلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 5 ـ سان، 13 ـ ، 16 ـ بەت.

ئەسەردە پارتىيىگە سادىق، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارىغا تايىنىپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بارلىقىنى تەمەسىز بېغىشلىغان ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان مۇئاۋىن شۇجىسى سىيىت نۇر بىلەن باشقىلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق بالداقمۇ بالداق يۇقىرىغا يامىشىپ ئاكادېمىيىنىڭ بىرىنچى باشلىقى، پارتكومنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى، بىر نەچچە ئالىي جەمئىيەت ژۇرناللىرىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولۇۋالغان. ساختىلىق، ھىيلە ـ نەيرەڭ، رەزىللىك ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ماختىنىدىغان، ھۇزۇرلىنىدىغان خالىق يۈەنجاڭ ئوبرازى روشەن سېلىشتۇرۇلما قىلىنغان.

ئەسەردە خالىق يۈەنجاڭغا ئوخشاش بىر قىسىم پارتىيە ئىچىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتنى:

«ساختىپەزلىك، يالغانچىلىق بالىلاردا بولسا ئۇ بالىلارنىلا ئالدىيالايدۇ. ياشلاردا بولسىچۇ؟ئۇ بىر نەچچە ياشلارغىلا زىيان سالالايدۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر رەھبىرىدە بولسىچۇ؟ بۇنىڭ سالىدىغان زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولىدۇ. بۇلارنىڭ كاساپىتىدىن خەلق بىلەن پارتىيە ئارىسىدا، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا بولىدۇ.»① دېگەن چوڭقۇر مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەنىۋى چىرىكلىكىنى پاش قىلغان ھەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە كادىرلىرىنىڭ ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، چىن، سەمىمىي، ھەققانىيەتچى

① «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىل 5 ـ سان، 46 ـ بەت.



بولۇشىنىڭ ھەقىقىي خىزمەت ئىستىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئاپتور «ئاخىرقى پادىچى» ناملىق بۇ پوۋېستتا بولسا، ئۇزۇن مەزگىل كەنتنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن ھېسامىدىننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھېسامىدىننىڭ مەھەللىسى ئىلى دەرياسى بويىدىكى گۈزەل مەھەللىلەرنىڭ بىرى، ئەنە شۇ مەھەللىدە ئوتتۇز بەش يىل پادىچىلىق قىلغان، باشقىلارنىڭ راھىتىدىن لەززەت ئېلىشنى بىلىدىغان، كەم سۆز، ئۆزىنىڭ خۇشاللىق ۋە ئازابلىرىنى پەقەت ئەمگەك بىلەن تاپىدىغان، كەڭ قورساق، قانائەتچان، تەبىئەتنى سۆيىدىغان، ئەمما باشقىلار تەرىپىدىن «ساراڭ»، «دەلدۈش» دەپ ئاتالغان، لېكىن قەلبى تەبىئەتتەك گۈزەل، پادىچى جاپپار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن پادا باقىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. بۇ ئىشتىن ھېسامىدىن قاتتىق ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ. پادىچىلىقنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئايالىنىڭ ئەمدى دۆلەت كۆرىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى، نەۋرىلىرىمىز تالالىق بولاي دېدى. نېمىسىگە نېمىسى يېتىشمەي پادىچىلىق قىلىدىكىنە؟ ــ دەپ قارشى تۇرۇشىغا ۋە پۇلدار ئوغۇللىرىنىڭ شۇنچە يىل دادۇي شۇجىسى بولۇپ قېرىغاندا كالا باقساڭ خەق نېمە دەيدۇ، دادا؟ دەپ توسۇشلىرىغا قارىماي ئۆزى كالىلارنى دەريا بويىغا ھەيدەپ بېرىپ شۇ يەردە كۆنلەپ پادا باقىدۇ. ھېسامىدىن پۇل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەھەللىسىدىكى ئەللىك توققۇز ياشانغان ئادەمنى نامازدىن يېنىپ بىردىن كالىنى يېتىلەپ ئېتىزغا چىقىشتەك ئاۋارىچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پادىچى بولىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە ھېسامىدىن ئائىلىسىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

«ھېسامىدىن يېزىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى: باللىرى بىر يۈز ئەللىك مو يەرگە تېرىقچىلىق قىلىدۇ. بەش يۈزدىن كۆپ قوي، ئەللىك نەچچە كالىسى ۋە ماي زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ئون يەتتە مو يەردە مېۋىلىك بېغى، يېزا بازىرىدا ئىككى قەۋەتلىك ئاشخانىسى بار، ئۆيىمۇ مەھەللىدىكى ئەڭ كۆركەم ئۆي. بۇ ئۆيدىن باللىرى، كېلىنلىرى موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت ۋە ماشىنىدا چىقىشىدۇ، بۇ ئۆينىڭ قورغۇچىسى بولغان ئاتا بولسا، بوينىغا نان خالتىسى ئېسىپ، ئېرەن كالتىكىنى كۆتۈرۈپ، خەي كىيگەن ئاياغلىرى بىلەن چاققان - چاققان مېڭىپ كولۇپ، روھلىنىپ پىيادە چىقىدۇ. ئۇ ھەربىر قېتىم : ‹كالاڭنى چىقارەي!› دەپ ۋارقىرىغاندا ئۆز ئاۋازىدىن زوقلىنىدۇ، كالىلار ئۇنى تونۇپ ‹مۆ› دەپ جاۋاپ بەرگەندە ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەززەت بىلەن تولىدۇ.»①

ھېسامىدىن ھەر دائىم پادىچى بولمىسا جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ، كالىلار كەڭرى ئوتلاقتا ئوتلاپ، قىيغىتىپ ئوينىمىسا بۇ جاھاننىڭ نېمە لەززىتى قالىدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ ئېغىر ئاغرىپ كېسەل كارىۋىتىدا ياتقاندىمۇ يەنىلا كالىلارنى ئويلايدۇ. .. مەسىلەن:

« —باش ئەتىيازدا، كالىلار راسا كۆككە زار بولغاندا...

—يەنە شۇ كالا، كالا... ئوۋ ۋاي، باللار سىز ساقايغاندا ھەرەمگە ئاپارماقچى، ئىككىمىز ھاجى بولىدىكەنمىز. ھاجى دېگەن كالا باقسا بولمايدۇ.

—قايسى كىتابتا، قۇرئاننىڭ قايسى سۈرىسىدە... ھى - ھى - ھى... مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزمۇ تۆگە باققان...

① «تارىم» ژۇرنىلى، 1997 - يىل 11 - سان، 20 - بەت.



—باقامسەن - يا ھېسامەك، ساقايساڭلا باقىسەن - ھە ؟

—باقىمەن، مەن كالا بېقىش ئۈچۈن ساقىيىمەن!»①

يۇقىرىقى دىئالوگدا ئاپتور ھېسامىدىنىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بارغانسېرى ئۇنتۇلۇپ كېتىلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىغا بولغان — كەڭ مەنىدە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، تۇرمۇش شەكىللىرىگە بولغان قىيالماسلىق ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، زوردۇن سابىر ئۆز پوۋېستلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ھېسسىياتى، ئەخلاقى، تەقدىر - قىسمەتلىرى، دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى يەنى ھايات گۈزەللىكىنى، خۇنۇكلۇكلەرنى ۋە ھەرخىل رەزىل قىلمىشلارنى يارقىن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ساغلام ۋە ئاكتىپ خاھىش بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى روھلاندۇرۇپ، تۇرمۇشنى سۆيۈشكە، ھاياتنى ئۇلۇغلاشقا، تارىخىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن زوقلىنىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشكە ئۈندىگەن.

### 2. زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

بېلىنىسكىي: «رېئاللىقنىڭ ئۆزى گۈزەلدۇر، بىراق، بۇ گۈزەللىك ئۇنىڭ ماھىيىتىدە تەركىبىدە ۋە مەزمۇنىدا بولۇپ، شەكلىدە ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، رېئاللىق خۇددى بىر پارچە تاۋلانمىغان ئالتۇندۇر. پەن ۋە سەنئەت بۇ ئالتۇننى تاۋلاپ

① «تارىم» ژۇرنىلى، 1997 - يىل 11 - سان، 40 - بەت.

ساپ ئالتۇنغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنى گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزىدۇ» دېگەن.①

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدا رېئال تۇرمۇشتىكى مول، رەڭدار گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئىدىيىسىنىڭ ئوت ـ يالقۇنىدا تاۋلاپ گۈزەل بەدىئىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتتە پىششىپ يېتىلىش، بەدىئىي ماھارەتتە يۈكسەلگەنلىكىنى نامايان قىلدى. چۈنكى، ئاپتور پوۋېستلىرىدا ئىلگىرىكىدەك نوقۇل ھالدا ۋەقەلەرنى بايان قىلىش، ياخشى ئىش ۋە ياخشى كىشىلەرنى خاتىرىلەپ، پېرسوناژلارنى ئىجابىي ۋە سەلبىي دەپ ئىككىگە ئايرىپ قويۇشتەك قۇتۇپ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بۇ كونا رامكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي ئىنسان خاراكتېرىنى ياراتتى. دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئىنسان روھىيىتىدىكى گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك، قانائەت بىلەن نەپسانىيەتچىلىك، ساداقەت بىلەن ۋاپاسىزلىق قاتارلىق نازۇك تەرەپلەرنى سېلىشتۇرۇپ ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەمنى ئوخشىمىغان قاتلامدىن يورۇتۇپ، ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە بۇ مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى قانداق ئىپادىلەش، قانداق ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. شۇڭا كىتابخان زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىن رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ خىلمۇخىللىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يېڭى بىر ھاياتىي تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 107 ـ بەت.



جەھەتتىن كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ.

(1) ئوبرازنىڭ تەبىئىي ۋە جانلىق بولۇشىدا. پېرسوناژ ئوبرازى — پروزا ئەسەرلىرىدىكى كىتابخانلارنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى. رېپىن: «قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىنى ‹بىغۇبار سۈزۈك ئاسمان› دەك قىلىپ سۈرەتلىمەسلىك كېرەك. ئۇستا سەنئەتكارلار ئۆز قەلبىدە چوقۇنىدىغان قەھرىمانلىرىنى نۇرانە قىلىپ تەسۋىرلىمەستىن، بەلكى تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ‹سەت يېرى› ۋە ‹تاتۇق› لىرىنى يوشۇرمايدۇ.» دېگىنىدەك① زوردۇن سابىر پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئەسەر پېرسوناژلىرىنى ئۆز ئىدىيىۋى خاھىشىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان ياغاچ قونچاقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش بىلەن ئەمەس بەلكى، پېرسوناژنىڭ ئۆز خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى ئىچىدە ھەرىكەت قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ۋاقىت كىشىلىك تۇرمۇشتا ساقلانغىلى بولمايدىغان پۇشايمانلىق ئىشلىرىنىمۇ قىلچە پەردازلىماي، كىتابخانلارغا تەقدىم ئېتىدۇ. چۈنكى ئاپتور بۇنىڭسىز ئۇلارنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىلاھ بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار ھەقىقىي گۆش ۋە قاندىن تۈزۈلگەن ھېسسىياتلىق ئادەمگە ئايلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز جىسمىنىڭ بىر پارچىسىدەك، دائىم كۆرۈپ تۇرغان ئادەملەردەك سېتىرېئولۇق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كىتابخانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ئۆلمەس قەھرىمانلارغا ئايلىنىشىدىكى ئاساسىي

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 106 ـ بەت.

سەۋەبمۇ دەل ئۇنىڭ ئەسەر پېرسوناژلىرىنى تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ياراتقانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ.

مەسىلەن: «سۇبھى» ناملىق پوۋېستىدىكى ئەسئەتنىڭ بەڭۋاش ھېسسىياتىنى تىزگىنلىيەلمەي خاتالىق سادىر قىلىپ قويۇپ، ئىخلاسبۇۋىنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولدۇم دەپ پۇشايمان ئىچىدە ياشىشى، تۇنجى سۆيگەن قىزىنى ئۇنتالماي راھەتكە كۆڭۈل بېرەلمەسلىكى؛ «قۇم ئارىشاڭ» دىكى زېرىپ بىلەن راھىلە خېنىمنىڭ قۇم ئارىشاڭدا بىر قېتىملىق ئۇچرىشىپ قېلىشتىن بىر ـ بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ، ئاشىق بولغانلىقى، ئەمما مۇرادىغا يېتەلمەي، تۇنجى سۆيگۈسىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتالمىغانلىقى؛ «خىرە دېرىزە» دىكى ئىسرايىل بوۋاي بولسا ياش چېغىدا نىكاھلانغىنى ئۈچ كۈن بولغان 15 ياشلىق ھاشىخانغا «مېنى ساقلا، بىر يىلدا قايتىپ كېلىمەن» دەپ مانچېستىر دوپپىسى بىلەن پەشمىتىنى نىشانە ئۈچۈن قويۇپ قويغىنىغا ھاشىخاننىڭ ئۇنى بىر ئۆمۈر كۈتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى پۇشايمىنى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ياشلىقتا ساقلانغىلى بولمايدىغان بەزى تەرەپلەرنى ئېچىپ بەرگەن.

(2) زوردۇن سابىر پوۋېستلىرى قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە. دەۋر روھىدىن، تۇرمۇش رېئاللىقىدىن ئايرىلغان ھالدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. زوردۇن سابىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ بۇ مۇھىم پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ، دەۋرنىڭ رېئاللىقىغا چوڭقۇر چۆكۈپ دەۋرنى ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋەقەلەرنى تاللاپ، كىتابخانلارغا ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بېغىشلايدىغان بىر ـ بىرىدىن ئېسىل



پوۋېستلارنى يازدى. بۇ پوۋېستلىرىدا تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار ئالايلى، «سۇبھى» دىكى سۇبھى، ئەسئەت، راھەت، «ئارچا ياپرىقى» دىكى ئېلى، مەھبۇبە، «ئاخىرقى پادىچى»دىكى ھېسامىدىن، «يېڭىلانغان ھاۋا» دىكى ئابلا ئۇستام، «تۇمان»دىكى مۆمىن ئەپەندى، «كەچ كۈز» دىكى زىخرۇللام، «گۈلەمخان» دىكى گۈلەمخان ۋە زىلەمخان قاتارلىقلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا دەۋرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى ياراتقان ئۆزگىچە ئىدىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە يېڭىچە ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

(3) قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا، مۇرەككەپ زىددىيەت قاتلىمىغا ئىگە. بېلىنىسكىي: «ھەرقانداق خەلقنىڭ ئىككى خىل ئەنئەنىسى بار. بىرى ئىلمىي كىتابى، تەنتەنىلىك ۋە شەۋكەتلىك ئەنئەنىسى، يەنە بىرى كۈندىلىك ئائىلىۋى تۇرمۇش ئەنئەنىسى. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ ئىككى تۈرلۈك ئەنئەنە بىر ـ بىرىگە يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان كىشى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن تونۇشمىقى لازىم. بولۇپمۇ كېيىنكىسىنى كۆچ سەرپ قىلىپ ئۆگەنمىكى كېرەك.» دەيدۇ.①

زوردۇن سابىر مانا مۇشۇ ھايات پەلسەپىسىگە ئاساسەن ئۆز ئىجادىيىتىدە ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرنى ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئاساس قىلىپ ئەسەر يازغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار ھەرقاچان تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا، زىددىيەت ۋە قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ مەركىزىدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ پوۋېستلىرىدا جەمئىيەتنىڭ قايسى قاتلام، قايسى

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 90 ـ بەت.

تەبىقىسى تەسۋىرلەنگەن بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى قانداق بىر شەخسنىڭ بەدىئىي قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن بولسۇن، كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى تۇرمۇشتىكىدەك روشەن گەۋدىلىنىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ پوۋېستلىرى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىكى جانلىقلىقى، يارقىنلىقى، خىلمۇخىللىقى بىلەنلا ئەمەس، يەنە شۇ بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ مول ۋە مۇرەككەپلىكى، كۆپ قاتلاملىق، ستېرېئولۇق كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە بولغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

مەسىلەن: «تۇمان»، «قۇم ئارىشاڭ»، «خىرە دېرىزە» قاتارلىق پوۋېستلىرىدا مائارىپچىلار، چوڭ سودىگەرلەر، رەھبىرىي كادىرلار، ئادەتتىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مىللەت ھەققىدىكى كۆزقاراش، تونۇشلىرىنى زىددىيەت توقۇنۇشلار ئىچىدە ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنى ۋە ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلىغان. بۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆككەن ۋە ئۇنى پىششىق بىلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

(4) پوۋېستلىرىنىڭ تىلى ئالاھىدە تاۋلاش ۋە پىششىقلاشتىن ئۆتكەن بەدىئىي تىلدۇر. ئەدەبىيات تىل سەنئىتىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنسان روھىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە باشقا تىلنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە تېمىنى قىسقا يورۇتۇش، ۋەقەنى قىسقا بايان قىلىش، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى مېغىزلىق ئېچىپ بېرىشتە يەنىلا تىل مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاتاقلىق يازغۇچى گومورۇ



بۇ ھەقتە: «ئەدەبىيات — تىل سەنئىتىدۇر، سەن ئومۇمەن تىلنى تاللاش، باشقۇرۇش، يارىتىشتا خۇددى ھەيكەلتىراشنىڭ قولىدىكى يۇمشاق لايغا، رەسسامنىڭ قولىدىكى بوياققا ئوخشاش تىلنى ئەركىن ھالدا بىر تەرەپ قىلالىساڭ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسەن» دېگەن.①

چۈنكى، ئەسەرنىڭ جېنى ئوبرازدا بولسا، ئوبرازنىڭ جېنى تىلدۇر. يازغۇچى- سەنئەتكارلار پەقەت تىل قورالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندىلا، ئاندىن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. يەنى يازغۇچىنىڭ تىلنى تاۋلاش، ئوبرازلاشتۇرۇش ھەم ئۇنى بەدىئىي قورال سۈپىتىدە قوللىنىش ئىقتىدارى قانچىلىك يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ تىلى دەل ئالاھىدە پىششىقلاش ۋە تاۋلاش ئارقىلىق يېتىلگەن يېڭى، جانلىق، ئىجادىي تىل بولغاچقا پوۋېستلىرىدىكى ھەربىر شەيئى ئۆزىگە خاس ئوبرازلىق ئىبارە، مۇۋاپىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، ۋەقەلەرنىڭ جەريانى، تۇرمۇش ھادىسىلىرى شۇنچە روشەن ۋە جەزبىدار قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن:

«تۇرپان باغلىرى يېشىللىققا پۈركەنگەن، سارغۇچ توپا ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان تەكلەردىن قېنىق يېشىل، يۇمران يوپۇرماقلار بىلەن بىللە ئۈزۈملەرمۇ كۆتۈرۈلۈپ چىققان، قارىماققا بۇ سېرىق تۇپراق گويا ئۆزىنىڭ ئەت رەڭ تومۇرلىرى ئۈستىگە يېشىل شايىدىن لىباس ياپقاندەك كۆرۈنەتتى.

① «مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 136 ـ بەت.

دېھقانلار ئۆزلىرىگە بۆلۈپ بېرىلگەن تەكلەر ئەتراپىدا خۇددى قىزنى ياساندۇرۇۋاتقان ئانىدەك زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن پەرۋانە بولماقتا ئىدى...»①

«سالقىن مەيىن شامالدا كېپىنەكتەك پىلدىرلاۋاتقان ياپراقلارنىڭ ئاستى تەرەپلىرى يالتىراپ، كىشىدە خۇددى كۆكتىن كۆمۈش تەڭگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى».② يۇقىرىقى تەسۋىرلەرنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ۋاستىلاردىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان، ئىخچام، ئوبرازلىق تىلىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدا تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر پېرسوناژلار تىلىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، ياش قۇرامى، مىجەز - خۇلقى، بىلىم سەۋىيىسى، ھايات شارائىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالايلى:

« — ھېكىم بىزدىن بۇغداي ئۆتنە ئېلىپ بەرمىدى، پۇلىمىزنى قەرز ئېلىپ تېنىۋالدى، ئالمىلارنى قېقىپلا ماڭىدۇ، قويىمىزنى سويغۇزۇپ ھاراقكەشلىرىگە يېگۈزۈۋەتتى. غوتۇلدىسام مېنى ساراڭ، قويغۇزۇۋېتىمەن دەپ تېخى، — تۇردىخان مىچىلداپ يىغلىدى.

قۇباقمۇ تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى:

— ھېسابى يوق ئالاتتى... ئەمدى مۇنۇ خوتۇن ئۇنىمايدىغان بولۇۋالدى... قېيىداپ يۇرىيدۇ، —دېدى قۇباق چۈشىنىكسىز

① «خەيرلىك ئىش» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، 52 - بەت.

② «سۇبھى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل، 133 - بەت.



غوتۇلداپ.»①

بۇ پارچىدا، ھېكىمنىڭ ئاجىز، بىچارىلەرنى بوزەك قىلىپ ھەر دائىم ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلىدىغان، قورقۇتۇپ ئالدايدىغان نەپسانىيەتچى خاراكتېرى بىلەن تۇردىخاننىڭ ئۆز ئائىلىسىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان، ئېرىگە ۋاپادار، تۇرمۇشقا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك خاراكتېرى جانلىق ئېچىلغان بولسا، تۆۋەندىكى پارچىدىن بىز ئازنىخاننىڭ مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي دېسە جېنىنى بېرىدىغان، شۆھرەتپەرەس خاراكتېرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

« — ئاتلار تېپىلدىما؟

— ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ پايدا ئەمدى. قىزىم، بەختىڭ ئېچىلدى. بەرقۇت، مەخمەل، تاۋار - دۇردۇن، لەمبۇق - كەشمىر، ئالتۇن - كۈمۈشكە ئورۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ ئەمدى...»،② « — ئامەت، بەخت دېگەن شۇ، ئەڭگە بايغا ئانا بولىدىغان بولدۇم، بۈگۈن جاندساخان ئاپپاقنىڭ ئۆزى مېنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ گۈلەمخاننى سورىدى. ئايلانسۇن، بىر ئەمەس يۈز گۈلەمخان بولسىمۇ باينىڭ بېشىدىن سادىغام قىلىۋېتىمىز دېدىم.»③

«ئۆزۈم چوڭ قىلدىم، قىزىم مېنىڭ قولۇمدىكى ئۈزۈكۈم، كۆڭلۈم كىمنى تارتسا شۇنىڭ قولىغا سېلىپ قويىمەن.»④

زوردۇن سابىر ئۆز پوۋېستلىرىدا يەنە خەلق تىلىنىڭ گۈل تاجىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللەردىن ھەم

① «ۋاپادارلار» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 362 - بەت.

② «گۈلەمخان» پوۋېستى، «گۈلەمخان» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل، 42 - بەت.

③④ «گۈلەمخان» پوۋېستى، «گۈلەمخان» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل، 42 - ، 43 - بەت.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئەسەرلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھارىتى ۋە ئۆزگىچىلىكى ئۇ يازغان ئەسەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشى، چۈشىنىشى، ئۇنىڭدىن بەدىئىي زوق ئېلىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش رولىنى ئوينىغان.

(5) تۈزۈلۈش جەھەتتە سالام خەت ۋە ماۋزۇلارغا بۆلۈپ بايان قىلىش شەكلى ئارقىلىق بەدىئىي سەھنىنى يىغىنچاق ئىپادىلىگەن. «ۋاپادارلار»، «خەيرلىك ئىش»، «ئارچا ياپرىقى» قاتارلىق پوۋېستلاردا زوردۇن سابىر كۆپىنچە كىچىك ماۋزۇ قويۇش شەكلى ئارقىلىق، بولۇپمۇ كىتابخاننى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئويلاندۇرىدىغان «ئىدىقۇت چالمىسى»، «كارىز سۈيى نېمىشقا لېيىدى...؟»، «غەزەپ»، «گۇمان»، «كىم ئۇ سىزگە ئۆز قەلبىنى ھەدىيە قىلغان؟» دېگەندەك سوئال تەرىقىسىدىكى ماۋزۇلارنى قويۇش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئەسەرگە جەلپ قىلسا، يەنە بىر قىسىم پوۋېستلىرىنى سالام خەت شەكلىدە يېزىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى زامانىۋى ئۇچۇر ئالاقىلىشىش ئەسلىھەلىرى ئومۇملاشمىغان تارىخىي شارائىتتىكى ياشلارنىڭ پسىخىكىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان. ئاپتور بۇنداق قىسقا يېزىلغان سالام خەت شەكلى ئارقىلىق زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى يىغىنچاق شەكىل ئىچىدە مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەرگەن.

(6) مەنزىرە تەسۋىرلىرى ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش. زوردۇن سابىرنىڭ پوۋېستلىرىدا تەسۋىرلەنگەن سورۇن، تەپسىلات، مەنزىرە تەسۋىرى، پېرسوناژلارنىڭ ھېس ـ تۇيغۇسى، ئارزۇ ـ ئارمىنى ۋە مۇھەببەت ـ نەپرىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

مەسىلەن: «يەرگە يورۇق چۈشمەستە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ھەمرانىڭ ھويلىسىدىن چىقتى، قونغان



ئۆيدە ناشتا قىلىش ئادىتىگە خىلاپلىق قىلىپ ئېتىز يوللىرى بىلەن مەيدان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، سېنتەبىرنىڭ شەبنەملىك سەھىرى ئۇنىڭ يوللىرىغا ئۈنچە ـ مارجان چېچىپ كۈتۈۋالدى... ياۋا گۈللەر مەڭزىگە قونغان رەڭدار ئۈنچىلەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ سۆيدى. ئېرىقلاردا شىۋىرلىشىپ، سۈزۈك تاشلارنى چاقنىتىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيى بىلەن يۈزىنى يۇدى. مەجنۇن تال ۋە جىگدىلەر شېخىدا چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ ھەۋەس بىلەن كۈلدى. بۇلاق سۈيىدەك تاڭ سۇبھىسى ئارىسىدىن بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن خەيرلىك ئىزدىدى. بەختتىن ھاياجانلانغان ئادەمگە ھەممىلا نەرسە يېڭى ۋە گۈزەل كۆرۈنىدۇ.»①

ئاپتور بۇ پارچىدا ئەسئەتنىڭ، سۇبھىنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىنى تەبىئەت مەنزىرىلىرىگە گىرەلەشتۈرۈپ ئىپادىلىگەن.

زوردۇن سابىر پوۋېستلىرىدا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىك ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، زوردۇن سابىر پوۋېستلىرى مەزمۇن جەھەتتىكى موللۇقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى بەدىئىي شەكىل جەھەتتىكى خىلمۇخىل ۋە رەڭدارلىقى بىلەن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

---

① «سۇبھى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 174 ـ بەت.

## ئالتىنچى
## «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا

زوردۇن سابىرنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى كۆپ مەنبەلىك بولۇپ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتىگە «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ كۆرىشى، بەخت بىلەن پالاكەتنىڭ بىر ـ بىرىگە قەست قىلىپ تۇرۇشى، خاپىلىق بىلەن خۇشاللىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى، ئومۇمەن بۇ زىت نەرسىلەردىن ھېچكىم ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، ساڭا ھۆسن بىرىپ ياراشقان كىيىملەرنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە كېرەكسىز لاتىغا، يىرگىنىچلىك نەرسىگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش سېنىڭ بەدەن ـ بەدىنىڭنى ئېرىتىۋەتكەن خۇشاللىقىڭمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پېشانە تەرىڭدەك قۇرۇپ تۈگەيدۇ، ئۇنىڭ تۈگىگەن كۈنى خاپىلىقنىڭ باشلانغان كۈنى بولىدۇ. سەلتەنەتلىك تاج ئېگىلىرىمۇ، كۆلاھ ـ جەندە كىيگەن غەمسىز دىۋانىلارمۇ مۇشۇنداق ياشايدۇ. سەۋەبى ھاياتنىڭ بۇ قانۇنىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئېلى مانا مۇشۇ ئەقىدىنى قۇۋۋەتلىگۈچى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خۇشال بولسا ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، خاپا بولسا چۆچۈپ كەتمەيدۇ. راھەت ـ پاراغەتكە ئۆزىنى ئېتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقۇپ، ئاسان يول بىلەن بەختكە ئېرىشىشنى ئىزدىگۈچىلەر ئۇنىڭ



ئۈچۈن ئەرزىمەس ئادەملەر. لېكىن تۇرمۇش ئەرزىمەس ئادەملەرنىمۇ ئېلىدەك تەمكىن ئادەملەرگە دوست قىلىپ قويىدۇ.» ①

ئەنگلىيىلىك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ئېلىزابىت بوۋېن يازغۇچىلارنىڭ بۇرچى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەگەر يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدىغان قىلىمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىقادىغا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەسىر قوزغاشقا، ئۇلار بىلەن ئىدىيە بىرلىكى بولۇشقا دىققەت قىلىشى، سەۋىيە جەھەتتىن بۇرۇنقى يازغۇچىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان بولۇشى لازىم»② دەپ كۆرسەتكەنىدى.

زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىگە مانا مۇشۇنداق يۇكسەك تەلەپ قويۇپ ئەسەر يازغان يازغۇچى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئەمەس، بەلكى دەۋرنىڭ ئېقىنىغا ئەگىشىپ ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدىغان قىممەتلىك ئەسەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. زوردۇن سابىر پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ھېكايە، پوۋېست، روماندىن ئىبارەت ھەممە تۈرىدە ئەسەر يازغان، شۇنىڭدەك ھەممە تۈرىدە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىستېداتلىق يازغۇچى.

ئاپتور بۇ پوۋېستتا ئىلىم ـ پەن ۋە يېڭىلىق يارىتىش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىۋاتقان، ئىزدىنىش روھىغا ئىگە زىيالىيلارنىڭ ئائىلىي مەكتەپ ھاياتى ھەم ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىنكى خىزمەت، مۇھەببەت، نىكاھ ئىشلىرىنى كونكرېت تەسۋىرلەپ، مۇھەببەتنى ئىلىم ـ پەن ۋە گۈزەل غايە بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ،

---

① «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 225 ـ بەت.
② ئابدۇۋەلى ئابدۇكېرىمنىڭ «تۇرمۇش ۋە ئىلھام» دېگەن ئەسىرىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 61 ـ بەت.

مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.
ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى،
ئاپتورنىڭ يەتمەكچى بولغان غايىۋى مەقسىتى ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭدا
يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. چۈنكى ئە-
دەبى ئەسەرنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش،
ئادەمنىڭ جانلىق خاراكتېرىنى يارىتىش. يارىتىلغان جانلىق خا-
راكتېرلار ئىجتىمائىي مەزمۇنغا باي، چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تۈپ
ۋەزىپىسى ئادەمنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئادەمنىڭ جانلىق
خاراكتېرىنى يارىتىش، يارىتىلغان جانلىق خاراكتېرلار ئىجتىما-
ئىي مەزمۇنغا باي بولۇش، پېرسوناژلار ئىچكى دۇنياسىنىڭ مول-
لىقى، كۆپ خىللىقى، ئۆزگىرىشچانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن
ئىبارەت. ئاپتور ئەسەردە تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىزىقىشى، ئىرادە، ئې-
تىقادى، مىجەز ـ خاراكتېرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئېلى،
مەھبۇبە، كامىل، خانقىز، ئىدرىس ئەپەندى قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ
ئوبرازىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ياراتقان. ئەسەر مۇۋەپپەقىيە-
تىنى گەۋدىلەندۇرگەن باش قەھرىمان ئېلى ئانىسىنىڭ ۋاپاتىدىن
كېيىن ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى تولۇقسىزغىچە ئوقۇپ ئو-
قۇشتىن توختاپ، دادىسىنىڭ ئائىلە ۋە دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە
ياردەملىشىپ دادىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتمەكچى بولىدۇ. بۇ ۋا-
پادار يىگىت نامرات گۈڭشېنى نۇقتا قىلىپ يېزا خىزمىتىنى
ئىشلەشكە شەھەردىن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئورۇنلاشقان
شامىل شۇجىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قوللىشى ئارقىسىدا ئۆز
ئىقتىدارىغا تايىنىپ پېداگوگىكا تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ
ھەم بۇ ياخشى پۇرسەتنى قەدىرلەپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئېلى
ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى، ئۆگىنىشكە بولغان



قىزغىنلىقى، ھاياتنىڭ ھەرقانداق قىزىقى ۋە لەززىتىدىن ئوقۇش ۋە
ئىزدىنىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار-
نىڭ ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. قىز،
مۇھەببەت ئۇنى قىزىقتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ يىگىرمە ئىككى ياشلىق
يىگىتنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشى ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدە ئۆزى
كامال تاپقاندا ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ.
بىراق تۇرمۇش ھەقىقىتى، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئۇنىڭ ئى-
رادىسىگە بويسۇنمايدۇ. يەنى «4 ـ ماي» مۇناسىۋىتى بىلەن ۋىلايەت
بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق پائالىيەتتە ئېلى «ياشلىق با-
ھارىمىزنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلايلى» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەيدۇ.
ھەم شۇ يىغىن زالىدا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە پاراسەتلىكى بىلەن
ھەممىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن مەغرۇر ۋە تەلەپچان قىز مەھبۇبە
بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ يوشۇرۇن يىپ بىلەن
مەھبۇبەگە باغلىنىپ قالغاندەك بىئارام بولىدۇ، نېرۋىلىرى چې-
چىلىدۇ، ئىشىنىڭ بەرىكىتى، ئۇيقۇسىنىڭ مەززىسى قاچىدۇ. ئۇ بۇ
ئازابلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۈندىلىك ئىشىنى بىر
ھەسسە كۆپەيتىدۇ.
«لېكىن شۇنداقتىمۇ ھامان ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلىدۇ. بۇدۇر
چاچ، خىيالچان، قاراكۆزلۈك، ئوماق قىز نېمىلا قىلمىسۇن ئۇنىڭغا
قاراپ تۇرىۋاتقاندەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ: ‹كۆزىڭىز كىتابتا
بولغىنى بىلەن خىيالىڭىز باشقا يەردىغۇ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى
ئالدايسىز ھەم باشقىلارنى ئالدايسىز!› دەۋاتقاندەك بىلىنىدۇ...①
ئېلى ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن قەلبىدە پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇغا زادىلا

① «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، 259 ـ بەت.

بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭچە مۇھەببەت ئىلىم ـ پەننىڭ دۇشمىنى، ئۆگە-
نىش ۋە ئىزدىنىشنىڭ زور توسالغۇسى ئىدى. شۇڭا ئۇ تەكرار
قىلغاندا قەغەزلەرنىڭ بىر بۇرجىكىگە ‹ئېلى يەنە قىز توغرىسىدا
ئويلىغىلى تۇردۇڭمۇ، ئۇنۇتقىن، يارامىلىق بولمەن دېسەڭ ئۇنۇت-
قىن، كېرەكسىز بولمەن دېسەڭ بىراقلا مۇنۇ قەغەز ئارىسىدىن
چىق!› ① دەپ يېزىپ ئۆز ـ ئۆزىنى مۇھەببەتكە بېرىلمەسلىككە
ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ بۇ ساددا چۈشەنچىسى بىلەن
كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى مۇنداق ئۆتكۈنچى تەسراتىنى ھايات
رېئاللىقىنىڭ دەھشەتلىك ئېقىنى ئاسانلا يۇيۇپ كېتىدۇ. ئاپتور
بۇيەردە ئېلىنىڭ روھىي ھالىتىنى تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ماس
ھالدا ناھايىتى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ياشلىقتىكى مۇھەببەت
ۋە مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلغان.

دېمەك، ئەسەر باش قەھرىمانى ئېلى ئوبرازى ياشلارغا نىسبە-
تەن ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، توغرا دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ئۆگىنىش، خىزمەت، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئەخلاق جەھەتتىكى
مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ ساغلام ئۆسۈپ يېتى-
لىشىدە مول تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇتۇقلۇق يارىتىلغان
ئوبراز.

گەرچە مەھبۇبە شەھەردە، يۇز ئابرويلۇق ئائىلىدە ئۆسۈپ يې-
تىلگەن ئەركە قىز بولسىمۇ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچمايدۇ. شۇڭا
مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتكۈزۈپ، ياخشى ئورۇنلارغا خىزمەتكە
ئورۇنلىشىش پۇرستى بولسىمۇ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن يېزىغا
چۈشۈپ ئىشلەيدۇ. كىچىكىدىن باياشات تۇرمۇش ئىچىدە چوڭ

---

① «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 1984 ـ يىل، 263 ـ بەت.



بولغان ياسانچۇق نازۇك بۇ قىز يېزىدىكى جاپالىق تۇرمۇش ئىچىدە
چېنىقىدۇ، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، ئىزدىنىدۇ، ھەم غايە،
ئارزۇلىرى بىردەك بولغان ئېلىغا باشتىن ـ ئاخىر چىن ئەقىدە
باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئېلىغا بولغان مۇھەببىتى كامىلجاندەك شۆھرەت-
پەرەس بايۋەچچىنىڭ خىلمۇ خىل قايمۇقتۇرۇشلىرى ئالدىدا تەۋرەپ
قالمايدۇ. چۈنكى ئېلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىزدىنىش روھى، كەسىپ-
چانلىقى، ۋە جاپاغا چىداش قەيسەر ئىرادىسى مەھبۇبەنىڭ قەلبىدە
چوڭقۇر تەسرات قالدۇرغانىدى. شۇڭا مەھبۇبە بۇ ساپ قەلب ئە-
گىسى تىرىشچان يىگىت ئېلىغا پۈتۈن تەقدىرىنى باغلاپ ئۇنىڭ
بىلەن توي قىلىدۇ. ئۇلار بەختلىك تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغاندا
ئېلى ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈش سەۋەبى بىلەن پالەچ بولۇپ قا-
لىدۇ، ئەمما مەھبۇبەنىڭ ئېلىغا بولغان مۇھەببىتى يەنىلا ئۆزگەر-
مەيدۇ. ئېلىغا بىردەم بولسىمۇ روھىي، جەھەتتىن خۇشاللىق ئاتا
قىلىش ئۈچۈن بارلىق زېھنىنى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ.

ئاپتور ئەسەر ۋەقەلىكىنى مانا مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئورۇن-
لاشتۇرۇش ئارقىلىق مەھبۇبەنىڭ ياخشى كۈنلەردە يولدىشىنىڭ
يېنىدا، يولدىشىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە سەن بىلەن
ئادا ـ جۇدا دەيدىغان بىر قىسىم ۋاپاسىز ئاياللاردىن ئالاھىدە پەرق-
لەندۇرۇپ ئۇنى ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، گۈزەل قەلب ئىگىسى ئىكەن-
لىكىنى نامايان قىلغان.

سېلىشتۇرمىلىق بەدىئىي تەسۋىر، ئوبرازلىق سەنئەتنىڭ ئا-
ساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتى
بىلەن ئوبراز خاراكتېرىنىڭ خاسلىق ۋە ئېنىقلىقىنى گەۋدىلەن-
دۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. ئاپتور بۇ ئەسەردە كامىل بىلەن خانقىز-
نىڭ ئېلى بىلەن مەھبۇبەنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان

خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەن.
ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن كامىل ھايات لەززىتىنى ئويۇن ـ تاما-
شادىن، قىز ـ ئاياللاردىن ئىزدەيدۇ. شۇڭا ئۇ مەھبۇبىگە بولغان
شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىنىڭ پالەچ بولۇپ قې-
لىشىغا ھەم ئۆلۈۋالماقچى بولۇشىغىمۇ سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا ئا-
خىردا ھەققانىيەت ئىدىيىسى كۈچلۈك بولغان دادىسى شامىل شۇ-
جى تەرىپىدىن قانۇننىڭ جازاسىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەسەردە تەسۋىر-
لەنگەن خانقىز بولسا، گەرچە زىيالىي بولسىمۇ، جاھاننىڭ ئىش-
لىرىنى ئويۇن ـ تاماشا دەپ چۈشەنگەن ياسانچۇق، بىلىمنىڭ قەد-
رىگە يەتمەيدىغان، كۆڭۈلنى بايلىق، مەرتىۋە بىلەن ئۆلچەيدىغان، شۇ
سەۋەبتىن ئەڭ ئاخىردا ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك پا-
جىئەگە يولۇققان ئوبراز.
يۇقىرىقى ئوبرازلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگى-
چە خاراكتېرى، قىزىقىشى، ھەۋەسلىرىنى ئاپتور ئەسەردە مەھبۇ-
بىنىڭ دادىسى ئىمىن ئەپەندىنىڭ تىلى ئارقىلىق جانلىق باھا
بەرگەن:
« ــ ياخشى! ــ دېدى مەھبۇبەنىڭ دادىسى ئېلىغا سىنچىلاپ
قاراپ چىقىپ، ــ مەن ئۇزۇن يىللىق مائارىپچى، بالىلارنىڭ،
ياشلارنىڭ مىجەز ـ ھەۋەسلىرىنى كۆزىتىشكە قىزىقىمەن. سى-
لەرگە قىزىق تۇيۇلسىمۇ ئېيتىپ قوياي، خانقىز ئۆيگە كىرىپلا
يېڭى گىلەم ئالغىنىمىزغا سەپسالدى. كامىلجان ئوغلۇم مېنىڭ
كاستۇم كىيىپ چۈشكەن رەسىمىمگە، ئەينەكلىك ئىشكاپ ئىچى-
دىكى ھاراق، رومكىلارغا دىققەت قىلدى. ھارۋىكەش ئەركىلەتمە ئى-
سىمىڭ بولۇپ قالسۇن، خاپا بولما، ھارۋىكەش بالا كىيىملىرىنىمۇ
سىقمايلا كىتاپ جاۋىنىگە يېپىشتى. قويۇپ بەرسەم كىتابلارنى


ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلغۇسى، قولتۇقىغا بىر نەچچىنى قىسىپ
ماڭغۇسى باردەك قىلىدۇ.»①
ئەسەردە يۇقىرىقى ئوبرازلاردىن باشقا مائارىپ ساھەسىدە ئۇزۇن
مەزگىل جاپالىق خىزمەت قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىمىن ئەپەندى،
ئىدرىس ئەپەندىلەرنىڭ ئوبرازى شۇنىڭدەك ئۆز ھوقۇقىنى قانۇنىي
پرىنسىپلار بويىچە ئىجرا قىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا
ئىگە شامىل شۇجى، ۋە ئېلىنىڭ كېسەلچان دادىسى، ئەمگەكچان،
سەنئەت سۆيەر ئاكىسى، ئىشچان، چىچەن يەڭگىسى قاتارلىقلارنىڭ
ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. بۇ بىر قاتار ئوبرازلار ئىچىدە ئىدرىس ئە-
پەندىنىڭ ئوبرازىنى كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. ئەسەردە تەس-
ۋىرلەنگەن «ئىدرىس توكۇر» لەقىمىنى قوشۇپ دېمىسە كىشىلەر
ئۇقمايدىغان مەكتەپنىڭ بۇ ئىلمىي مۇدىرى قارىماققا قوپال كۆ-
رۈنگىنى بىلەن يۇمشاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان،
كۆكسى ـ قارنى كەڭ، بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق كۆپ ئۆتكەن 40
يىللىق مائارىپچى، شۇڭا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىمگە بېرىل-
گەن ياشلارنى كۆرسە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ
تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت ۋە
شەخسىي تۇرمۇشىغىچە كۆڭۈل بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ھەم ئۇلارغا
ھەر جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئېلىنىڭ بېشىغا ئېغىر قىسمەت
چۈشكەندە ھەممىدىن بەك ئازابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز ئوقۇغۇچىسى-
نىڭ بەختى بىلەن بەختلىك، خۇشاللىقى بىلەن خۇشال، كەلگۈ-
سىدىكى ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۈمىدلىك ئىلىم سۆيەر ئادەم. ئاپتور
ئىدرىس ئەپەندى ئوبرازى ئارقىلىق مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتا ما-

① «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى، 234 ـ بەت.

ئارپىقا تايىنىش، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە ئىقتىدار ئىگىلىرىگە تايىنىش ۋە ئۇلارنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت زور ئىجتىمائىي مەسىلىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

يازغۇچى ئەسەرنى تۈزۈلۈش جەھەتتە ماۋزۇلارغا بۆلۈپ بايان قىلىش شەكلى ئارقىلىق بەدىئىي سەھنىنى ئىخچام ۋە يىغىنچاق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەزمۇننى مەركەزلىك ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ خىلمۇخىل ھەرىكەتلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق - چۈششەك كۆرۈنۈشلىرى، سورۇن، تەپسىلات، مەنزىرە تەسۋىرى قاتارلىقلار قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيىسى، ھېس - تۇيغۇسى، ئارزۇ - ئارمىنى مۇھەببەت - نەپرىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ياپونىيىنىڭ مەشھۇر مىكرو ھېكايە ئىجادىيەتچىسى شىڭ شىنىي ئۆزىنىڭ مىكرو ھېكايە تىلىنى قانداق تاللاش، قانداق بېرىش ھەققىدىكى تەجرىبىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىرەر ياخشى جۈملە تاللاش ئۈچۈن، قىرائەتخانىدىن چىقماي سەككىز سائەتكىچە ئىزدەنگەن چاغلىرىم بار»① دېگىنىگە ئوخشاش زوردۇن سابىرمۇ تىل ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن يازغۇچى. ئۇنىڭ «ئارچا ياپرىقى» ناملىق پوۋېستىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئەۋزەللىكى پېرسوناژ تىلىنىڭ ئىندىۋىدۇاللىقىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر پېرسوناژنىڭ تىلىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى، مىجەز - خۇلقى، بىلىم سەۋىيىسى، ھايات شارائىتلىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ھارۋا كامىلجانلارنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتتى. كا-

① قاۋسىلقان قامىجاننىڭ «ئەدەبىي ئەسەر ۋە بەدىئىي زوق» دېگەن كىتابىدىكى نەقىلدىن ئېلىندى.



مىلجان ئېلىنىڭ قولىغا:

— ئىشەك بولمىغان بولسا ئۆيگە كىرەتتۇق، ئاپام ئىشەككە ئۆچ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كامىلجان ئىشەك ھارۋىسىدا كەپتۇ، دېسە ئەلە - مەھەللە ئالدىدا سەت، — دېدى...①»

«— قۇرۇقلۇقتا بايلىق جىقمۇ، دېڭىز تېگىدە بايلىق جىقمۇ؟ دېڭىز ئاستىدا يۈز مىليارد توننىدىن جىق ئالتۇن، ئۈچ يۈز سەكسەن مىليارد توننىدىن كۆپ نېفىت بار ئىكەن. دېڭىز ئاستىدىكى رۇدىلارنى يەر يۈزىگە يېيىتسا ئىككى يۈز مېتىر قېلىنلىقتا بولىدىكەن. ئاسمانمۇ دېڭىزغا ئوخشاش تەگسىز، سىرلىق. ئىككىسى ئوخشايدۇ، قايسىسى بايراقكەن...؟

— قايسىسى باي بولسىمۇ بىزگە ئەسقاتمايدۇ! — دېدى كامىلجان قىزغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن يېقىنلىشىپ، — لازىمى دادامنىڭ بايلىقى، دادامنىڭ ھوقۇقى، ئىناۋىتى، دادام يەنە ئۈستى. مەخسۇس ماشىنا تەگدى. دادام ھايات بولىدىكەن، بىز تىرىشمىساقمۇ بەختلىك بولالايمىز!

ئۇ ئۇنىڭ قولىنى قىزنىڭ نازۇك بېلىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ چاغدا قىزدا تۇيۇقسىز غايىۋى كۈچ پەيدا بولدى - دە، بىرلا سىلكىنىپ يىگىتنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد بولدى.»②

يۇقىرىقى پارچىلاردىن بىز كامىلجاننىڭ شۆھرەتپەرەس، دادىسىنىڭ ھوقۇقىنىڭ سايىسىدا بايۋەچچىلەردەك ياشاشنى بەخت دەپ چۈشىنىدىغان پەس ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

«ئېلى مەھبۇبەنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ:

①② «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شۇ ناملىق پوۋېستى، 233 - ، 249 - بەت.

— ياق ئۇنىڭدىن كۆرە، ماۋۇ بايرون شېئىرىنىڭ ئىنگلىزچىسىنى ئوقۇپ بېرىڭا، مەن يىگىرمە ئۈچ كۈن ئىنگلىزچە ئوقۇمىدىم، ئەمدى سىزدىن قالىدىغان بولدۇم، —دېدى.

— مەن سىزگە يوق، —دېدى ئېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن قىزنىڭ چېچىنى ئويناۋاتقان بارماقلىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — سىزنى بەختسىز قىلىپ قويدۇم.

— نېمە؟ سىز ھاياتقۇ، —دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئېلىنىڭ ئېڭىكىدىن كۆتۈرۈپ كۆزىگە قاراپ، — ئىنسان بەدىنى بىلەن ئەمەس، قەلبى بىلەن قەدىرلىك. بەدەن كالىدىمۇ، تۆگىدىمۇ بار. مەن سىزنىڭ جىسمىڭىزنى ئەمەس، قەلبىڭىزنى ياراتقانمەن. بەدىنىڭىز مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە كېرەكسىز بولۇپ كەتسىمۇ يۈرىكىڭىز سوقۇپلا تۇرسا، پاك قەلبىڭىز ئۆزگەرمىسىلا، سىز يوق ئەمەس، بەلكى بەخت بولۇپ تۇيۇلۇۋېرىدۇ. ماڭا لازىمى قەلبىڭىز.»①

گېگىل مۇھەببەت ھەققىدە توختىلىپ: «مۇھەببەتتە ھەقىقەتەن بىرخىل ئالىيجاناب پەزىلەت بار، ئۇ پەقەت جىنسىي ھەۋەس بىلەنلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىكى ئالىيجاناب، گۈزەل قەلبنى تولۇق ئىپادىلەپ جانلىق، تېتىك، باتۇر، پىداكارانە روھ ئارقىلىق باشقا بىرەيلەن بىلەن بىرلىشىش تەلپىدە بولىدۇ» دېگەن.②

ئاپتور مەھبۇبە ئوبرازى ئارقىلىق مانا مۇشۇنداق پىداكارانە روھنى ئىپادىلەپ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە چوڭقۇر سۆيۈنۈش ۋە ئۆگىنىش تۇيغۇسىنى قوزغىغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، زوردۇن

① «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى، شۇ ناملىق پوۋېستى، 318 ـ بەت.
② رەھمەتجان ئىمىن: «مايبۇلاق»، 1999 ـ يىل 2 ـ سان، 85 ـ بەت.



سابىر «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستىدا دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يىغا بىلەن كۈلكە، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىنسان خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

# يەتتىنچى
# زوردۇن سابىر رومانلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى

## 1. زوردۇن سابىر رومانلىرىنىڭ مەزمۇنى

رومان ئىجادىيىتى زوردۇن سابىرنىڭ پۈتكۈل پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن گەۋدىسى بولۇپ، ئاپتورنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. زوردۇن سابىر 1970 ـ يىللاردىن تارتىپلا رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەتتە توپلامدىن تەركىب تاپقان تۆت رومانىنى نەشردىن چىقاردى. 1980 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئاۋرال شاماللىرى» ئاپتورنىڭ رومان ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغان تۇنجى رومانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1983 ـ يىلى نەشردىن چىقارغان «ئىزدىنىش» رومانى ئاپتورنىڭ پىشقان قەلەم كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە كۈچلۈك تەۋرىنىش ھاسىل قىلدى. 1990 ـ يىللاردا «ئاتا»، «ئانا يۇرت» رومانلىرىنى ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان رومانچىلىقىدىكى يۇقىرى پەللىنى ياراتتى.

ئاپتورنىڭ بۇ رومانلىرى ئېلىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلىرىدىكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ھايات، سۆيگۈ، مۇھەببەت ۋە كۈرەش تارىخىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈردى. شىنجاڭنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي شارائىتلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى، ئۆتكۈر بولغان دەۋر زىددىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، خۇددى بىر ئېپوستەك تارىخنىڭ



ھالقىلىق مەسىلىلىرىنى جانلىق ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭ رومانلىرى ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۆزگىرىشلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتتى. ئۇنىڭ داڭلىق رومانى «ئانا يۇرت» نى 1940 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، زۇلۇمىغا، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە، ئەكسىيەتچىلىككە قارشى روھىنىڭ ۋە كۈرەش جەريانىنىڭ جانلىق ئىپادىسى دەپ قارىساق، 1980 ـ يىللاردا ئېلان قىلغان «ئاۋرال شاماللىرى»، «ئىزدىنىش»، «ئاتا» قاتارلىق رومانلىرى ئېلىمىزنىڭ 1950 ـ ۋە 1960 ـ يىللىرىدىكى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسى بولدى.

«ئاۋرال شاماللىرى» ئاپتورنىڭ دەسلەپكى رومانى بولۇپ، بۇ روماندا ئىلى دېھقانلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ دەسلەپكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ھايات پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن. روماندا شىنجاڭنىڭ 1950 ـ ، 1960 ـ يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، بۇ يىللار يېڭى جۇڭگو شارائىتىدا يېڭىدىن قەد كۆتۈرگەن جۇڭگو خەلقى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشۇپ، تىرىشىپ ئىگىلىك تىكلەش نىشانىغا بەل باغلىغان. بىراق چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم ئوڭۇشلۇق ئىشلەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ يېزىلىرىدا، تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ ئىقتىسادتا ئومۇميۈزلۈك چېكىنىش كۆرۈلگەن بىر مەزگىل ئىدى. دەۋردىكى تۇراقسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا قېتىلغان تەبىئىي ئاپەت ئەزەلدىنلا ئىقتىسادى قالاق بولغان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئاپتور روماندا

مانا مۇشۇنداق دەۋر زىددىيەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېلىمىزدىكى
ئاساسىي مەسىلە بولغان دېھقانلار مەسىلىسىنى، يېزىلاردىكى ئىج-
تىمائىي مۇناسىۋەتلەر دائىرىسىدە تۇرۇپ جانلىق يورۇتۇپ بەردى.
روماندا مەلۇم بىر يېزىنىڭ زەي ئاپىتى بىلەن بولغان كۈرەشلىرىنى
جانلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەردە قومۇشلۇق بىلەن چېگرىداش بولغان
بىر كەنت زەي ئاپىتىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. دېھقانلارنىڭ
يەرلىرى، ئۆي - ماكانلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، نورمال
تۇرمۇشى تەھدىت ئىچىدە قالىدۇ. موھتاجلىق ۋە ئېغىر تۇرمۇش
دېھقانلارنى كۆچۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق زىددىيەت
ئالدىدا كەڭ دېھقانلار ۋە بىر قىسىم يېزا رەھبەرلىرى زەي ئاپىتىگە
قارشى تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ يۇرت - ماكانىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىشنى
خالايدۇ. ئەكسىچە يەنە بىرقىسىم يېزا رەھبەرلىرى بولسا يېزىنى
زەي ئاپىتىگە تاشلاپ بېرىپ ئوڭۇشلۇق يول بىلەن كۆچۈشنى ئوت-
تۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ ئاساسىي زىددىيەت ئۈستىدە دېھقانلار بىر
قىسىم ئاكتىپ يېزا كادىرلىرىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن جاپاغا
چىداپ كۈرەش قىلىشتەك يولنى تاللايدۇ ۋە جاپالىق كۈرەش ئار-
قىلىق زەي ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. روماندا ئاپتور ئۇيغۇر
دېھقانلىرىنىڭ ئاشۇ يىللاردىكى دەۋر خاراكتېرىگە ماس بولغان ۋە
ئۆزگىچە بولغان تۇرمۇش جەريانىنى دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك
يېڭى يېزا قۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى، خەلقنىڭ
كومپارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىنى، يېڭى تۇرمۇشقا بولغان ئار-
زۇ - ئارمانلىرىنى ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان جاسا-
رىتىنى ئىپادىلىدى. رومان جىددىي، مۇرەككەپ زىددىيەت يۆنىلىشى
بويىچە راۋاجلانغان بولۇپ، ئېلى يېزىلىرىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش
پۇرىقى جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئەسەردە يارىتىلغان پېرسوناژلار خېلى



مۇكەممەل بولۇپ، ئەكبەر ئاسىم، زورىخان، ئادىلجان قاتارلىقلارنىڭ
ئوبرازى خېلى قايىل قىلارلىق. ئەسەردىكى بۇ ئوبرازلار ساددا دېھ-
قانچە قاراش بىلەن شەيئىلەرنى كۆزىتىدۇ. هالال ئەمگەكنى، سوت-
سىيالىزمنى سۆيىدۇ ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئادىمىيلىكنىڭ
ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. خۇلاسىلىگەندە، بۇ روماندا مەملىكىتىمىز
ئازاد بولغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى زور ئۆزگىرىش-
لەرنى، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى، كومپارتىيىگە،
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە، يېڭى يېزىلارغا بولغان مۇھەببى-
تىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەسەردىكى ياش شۇجى ئەكبەر كۈچلۈك ئىرادىگە،
ئېنىق سىياسىي قاراشقا ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە ياش
بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشچانلىقى ۋە كەمتەرلىكى بىلەن كەڭ دېھقان-
لارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە باشتىن - ئاخىر ئاپەتكە قارشى
كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا هېكمەت قاتار-
لىقلارنىڭ تۈرلۈك تۆھمەتلىرىگە ئۇچرايدۇ، لېكىن قەتئىي ئىرا-
دىسى ئارقىلىق كوللېكتىپنى يېتەكلەپ ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە
قىلىدۇ. ئەكبەر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەر ئىچىدە يېتىل-
گەن يېزا كادىرلىرىنىڭ تىپى بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى يېزا ياشلى-
رىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەسەردە
يەنە ئاگلىق، ئىرادىلىك، كوللېكتىپنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرى-
دىغان كومپارتىيە ئەزاسى مەنسۇر، ئاق كۆڭۈل دېھقانلاردىن ئاسىم،
زورىخان، ئادىلجان، لى زۇڭفۇلارنىڭ ئوبرازى خېلى مۇۋەپپەقىيەت-
لىك يارىتىلغان. شۇنىڭدەك بۇ ئاكتۇئال خاراكتېردىكى پېرسوناژ-
لارغا قارشى قويۇلغان بىر تۈركۈم سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خا-
راكتېرىمۇ خېلى يارقىن سۈرەتلەنگەن. مەسىلەن، شەخسىيەتچى-
لىكتە ئۇچىغا چىققان، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلكىنى قاقتى -

سوقتى قىلىدىغان سۇلايمان گۇر ـ گۇر، پايدىدىن باشقىنى ئويلى-
مايدىغان ھەيدەر، ھېكمەت، شوئارۋاز گۇڭشې مۇدىرى تۇرسۇن، يېزا
ئىگىلىك بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى چىن قاتارلىقلار. بۇ رومان گەرچە
پېرسوناژلار ئوبرازى ئاپتورنىڭ قىزغىنلىقى تۇپەيلىدىن خاراكتېر
جەھەتتە ئىندىۋىدۇئاللىقتا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاپ-
تورنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى زور ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى
مۇشۇ روماندىن ئۆز ئىزنالىرىنى تاپقان. ئالدى بىلەن رومان كۆچ-
لۈك دراماتىك توقۇنۇشتىن تەركىب تاپقان سۇژېت بارلىققا كەلگەن
بولۇپ، ئاپتورنىڭ قىزغىن، ھېسسىياتچان ئۇسلۇبى بۇ ئەسەردە
جانلىق ئىپادىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، پېرسوناژلارنى كەڭ بولغان
خاراكتېر توقۇنۇش ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، مەنسۇر
بىلەن تۇرسۇن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئەكبەر بىلەن ھېكمەت
ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بۇنىڭ تىپىك دەلىلىدۇر. ئۈچىنچىدىن،
بۇ رومان مىللىي ئالاھىدىلىك ئىنتايىن جانلىق گەۋدىلەندۈرۈل-
گەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش
ئادەتلىرى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن.

1983 ـ يىلى نەشردىن چىققان «ئىزدىنىش»رومانى ئاپتورنى
زور شۆھرەتكە ئېرىشتۈردى. رومان ئاپتورنىڭ بىۋاسىتە تەجرىبە-
سىنى مەنبە قىلىپ يېزىلغان بولغاچقا، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ يار-
قىنلىقى، دەۋر روھىنى ئىپادىلەشتىكى روشەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ
ئالدىنقى ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلەندى. ئاپتور بۇ رومانىنى بىر
قەدەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن يازغانلىقى ئۈچۈن نەشردىن چىققان-
دىن كېيىن كىشىلەر قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇدى. ئاپتور بۇ ئە-
سىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىنتايىن ئاددىي بولغان ئائىلە، مۇھەببەت
ۋە كۈندىلىك خاتىرىلەردىن تەركىب تاپقان ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق



دەۋرنىڭ تىپىك بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى
ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى بىر
قەدەر كەڭ بولۇپ، ئاپتور ئىنسان ھەققىدىكى، مەدەنىيەت ھەققى-
دىكى، مۇھەببەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كەڭ ۋە ئۆتكۈر بولغان
زىددىيەت ئىچىگە سىڭدۈرۈپ جانلىق ئىپادىلىدى. روماندا ئاپتور
1950 ـ يىللاردىن تاكى 1970 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن
مەملىكەت دائىرىسىدە كوتۇرۇلگەن ھەددىدىن ئاشقان سولچىل ئى-
دىيىۋى ئېقىمنىڭ كەڭ زىيالىيلارغا كەلتۈرگەن زىيانكەشلىكىنى
يورۇتقان بولۇپ، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، گۈللىنىش، يېڭىلىق بى-
لەن قارىغۇلارچە ئىش قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي توقۇنۇشلار،
ئىلىم ـ پەن بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك ھە-
رىكەتلەر، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش، مىللەتچىلىككە قارشى كۈ-
رەش، كونىلىققا قارشى كۈرەش، مۇتەخەسسىسلىشىشكە قارشى
تۇرۇشتەك بىرقاتار دەۋر خاراكتېرلىك سىياسىي ھەرىكەتلەر بەدى-
ئىي يوسۇندا تەسۋىرلەنگەن. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ئەلانىڭ ئى-
لىم ـ پەن يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى، ئەسەرنىڭ سۇژېت تەرەق-
قىياتى قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن
ئىگىلەشكە ئاتلانغانلىقى ۋە بۇ يولدىكى ئەگرى ـ توقاي مۇساپىسى،
ئەينى يىللاردىكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلايدىغان، ئەمەلىيەتنى
ئاساس قىلماي، سىياسىيۋىلىكنى دەستەك قىلىدىغان كۆچلەر بى-
لەن بولغان توقۇنۇشلىرىنى جانلىق تەسۋىرلىگەن. رومانىدىكى ئەلا
غايىلىك، ئىلىم ـ پەننى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان، ۋەتەننى
قىزغىن سۆيىدىغان ياش. ئۇ ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قى-
لىشنى مەقسەت قىلىپ تەقسىماتنى كۈتىدۇ. بىراق ئەلانى بىلىم
ئاشۇرۇشقا تەقسىم قىلىدۇ. ئەلانىڭ دەۋرگە خاس قىزغىنلىقىغا بۇ

خىل تەقسىمات ئانچە ياقمايدۇ. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى،
ئەمما ئۇ ئۇستازى ساۋۇتوف بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئىلىم ـ
پەن ئارقىلىق ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ شەرەپلىك ئىش
ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە زور ئىلھام، ئىشەنچ بىلەن غەربىي
شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇزاق ئۆتمەي
ئۇنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىگە زەھەرلىك قوللار سىڭىپ كى-
رىدۇ. ئۇ دەسلەپ ياشلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن مۇھەببەت دۇن-
ياسىغا رام بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئىرادىسىنى كونترول قىلىمەن دې-
سىمۇ، لېكىن كونترول قىلالماي گۈزەل ۋە تەكەببۇر قىز گۈزەل-
ئاينى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە خىزمەتدىشى رەقىبىنىڭ قەستلى-
رىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر مەزگىل ئۆگىنىش قىز-
غىنلىقى سۇسلايدۇ. بىراق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاش ئارقىلىق
مۇھەببەت، ئائىلىنىڭ بېسىمى ۋە دەۋرنىڭ سىياسىي قىستاڭلى-
رىنى يېڭىپ، قايتىدىن ئۆزىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلايدۇ. ئاپتور
مانا مۇشۇنداق سۈزۈك ئارقىلىق ئازادلىقتىن كېيىنكى ئومۇمىي
ھادىسە بولغان، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ زىيالىيلار ئۇس-
تىدىكى زىيانكەشلىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ.

1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاپتور «ئاتا» رومانىنى ئېلان قىلى-
دۇردى. بۇ رومان ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئوخشاش
بولمىغان ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى، بۇ ئەسەردىن رازى بولغانلارمۇ،
رازى بولمىغانلارمۇ چىقتى. رازى بولمىغانلار ئەسەردىكى بىر قى-
سىم كەمچىلىكلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئىجادىيەتتە چېكىندى دەپ قا-
رىدى. ماختىغانلار بولسا رومان مۇرەككەپ بولغان روھىي مەنىنى
ئۆز ئىچىگە ئالدى دەپ قارىدى. روماندا ئىبراھىم ھاجى ئائىلىسىنى
مەركەز قىلىپ ئۇنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋىتى، دەۋر بىلەن بولغان



مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەپ، ئۇيغۇر ھاياتىدىكى بىر قى-
سىم سەلبىي ئامىللارنى رەت قىلدى. ئەسەردە ئىبراھىم ھاجىم خا-
راكتېرى ئارقىلىق پۇلپەرەسلىك، كۆرەلمەسلىك، پارچىلىنىش،
ھەسەتخورلۇق، ئورا كولاش ۋە بۇزۇقچىلىقتەك ئىللەتلەر پاش قى-
لىنغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەردە ئىنسانلارنىڭ روھىي قاتلىمىنى
ئانالىز قىلماقچى بولغان. ئەسەردە ئىبراھىم ھاجىمنىڭ روھىي
دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ
ئۆز ئىنىسى ئىسمايىل ھاجىمغا قىلغان زىيانكەشلىكى، جىيەن
ئوغلى زېمىنغا قۇرغان تۇزاقلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ
رەزىللىك بىلەن تولغان ئىچكى ماھىيىتىنى خېلى چوڭقۇر ئې-
چىپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ھاجىم كۆرۈنۈشتە سىپايە، رەھىمدىل،
قائىدە ـ يوسۇنلارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ساخاۋەتچى ئوبراز سۈپى-
تىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېكىن جانجان مەنپەئەتكە كەلگەندە
ھېچنېمىدىن يانمايدۇ. ئۇ ئىنتايىن ھىيلىگەر ستېرېئولۇق خۇ-
سۇسىيەتكە ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، ئاپتور بۇ پېرسوناژنى ئوخشى-
مىغان دەۋر ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان سىياسىي داۋال-
غۇشلارغا ھەرخىل رەزىل تەدبىرلەر بىلەن ماسلىشالايدىغان رەزىل
ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلىغان.

1990 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى
پەللىسى بولغان «ئانا يۇرت» رومانى ئېلان قىلىندى. بۇ رومان
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلدى. رومان
سەھىپىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ مولluقى،
تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ رەڭگارەڭلىكى، مەنە قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇر-
لۇقى، پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارقىنلىقى بىلەن ئاپتورنىڭ
پىشىپ يېتىلگەن ماھارىتىنى نامايان قىلدى. رومان ئازادلىقنىڭ

ھارپىسىدىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئاڭلىق كۈرەش تارىخىنى تېما قىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ تىرىلوگىيىسىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش تارىخىغا بولغان مەدھىيىسىنى ياڭراتتى. بۇ رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بىر قەدەر كۆپ، ئوخشىمىغان قاتلامغا مەنسۇپ بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقانلىقى ۋە بەدىئىي تىلىدىكى كارامەت بىلەن شىنجاڭنىڭ رومانچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ئالدىنقى سەۋىيىنى ياراتتى. ئەسەر غېنى باتۇرنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئىستىخىيىلىك قارشىلىقىدىن باشلىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ، ئاڭلىق سىياسىي كۈرەشكە ئايلىنىش جەريانىغىچە بولغان كۈرەش تارىخىنى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن.

## 2. زوردۇن سابىرنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا

رومان ئىجادىيىتى زوردۇن سابىرنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ساھە، ئۇنىڭ رومانلىرى ئاپتورنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ قالماي، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ زوردۇن سابىرنىڭ رومان ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتقانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ ئۇيغۇر رومانچىلىقى ئۇچۇن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ رومانلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىق قىلىش رومانچىلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. زوردۇن سابىرنىڭ



رومانلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

### 1. دەۋرچانلىقى ئىگە زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش

زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرى دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاللىغان تېمىلىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك، دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بىلەن چېتىلىدىغان تېمىلار بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ رومانلىرىنى تېما جەھەتتىن كەڭلىككە، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇرلۇققا ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ رومانلىرىدا ئېلىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلىرىدىكى دەۋر خاراكتېرلىك زىددىيەتلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ۋە دەۋرنىڭ ماھىيەتلىك مەسىلىلىرى جانلىق ئىپادىلەندى. «ئىزدىنىش» رومانىدا ئېلىمىزنىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 1970 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن مەملىكەتتە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئېچىپ بېرىلگەن بولسا، «ئانا يۇرت» تا «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ كۈرەش تارىخى جانلىق سىزىپ بېرىلدى. «ئىزدىنىش» رومانىدىكى ئەلا، ھاشىر، نامەت، گۈزەلئاي، ئادىلە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيە، غايە، تۇرمۇش جەھەتلەردىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئەينى دەۋردىكى ئاق مۇتەخەسسىسلىشىشكە قارشى دولقۇن، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ۋە چەت ئەلگە قېچىش ھادىسىسى، ئاچارچىلىق قاتارلىق بىرقەدەر گەۋدىلىك ۋەقەلەرنى ۋە بۇ ۋەقەلەر بىلەن چېتىشىدىغان زىيالىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى، ئەمگەككە سىڭىش، قالپاق كىيگۈزۈش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش قاتارلىق دەۋر خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى جانلىق يو-

روتۇپ بەرگەن. بۇ روماندا يەنە ياشلارنىڭ دەۋرگە خاس ئىدىيىۋى تەرەققىياتى، مەسىلەن، نادانلارچە چوقۇنۇش، سىياسىيغا بولغان ئۆتتەك قىزغىنلىق، خاتالىق بىلەن توغرىلىقنى ئايرىيالماسلىق قاتارلىق ئىپادىلىرىمۇ ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئەلانىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئوخشاش بولمىغان سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئېلىمىزدە ئىزچىل داۋاملاشقان زىيالىيلار مەسىلىسىنى ئېچىپ بەرگەن. «ئانا يۇرت» رومانىدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زور ئىنقىلاب — 1944 ـ يىلى پارتلىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نى تېما قىلغان بولۇپ، ئەسەردە ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۇرۇش دەۋرى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش قاتارلىق زور دەۋر بۆلگۈچ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەسۋىرلەنگەن.

**2. بىر قەدەر مول بولغان ۋەقەدىن تەركىب تاپقان سۇژېت قۇرۇلمىسىنى هاسىل قىلىش**

زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرى ۋەقەلىرىنىڭ رەڭگارەڭلىكى، پېرسوناژلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەيداننىڭ كەڭلىكى بىلەن باشقا ئاپتورلارنىڭ رومانلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇ «ئاۋرال شامالLIرى» دا ئىلى رايونىنى تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، «ئىزدىنىش» رومانىدا قەلىمىنى شىنجاڭ دائىرىسىدىن ھالقىتىپ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى بەزى ئۆلكىلەرگىچە كېڭەيتتى. «ئانا يۇرت» رومانىدا بولسا، پۈتۈن دۇنيانى پېرسوناژلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئارقا كۆرۈنۈش قىلدى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى مانا مۇشۇنداق كەڭ مەيدان ئىچىدە چۆرگىلەپ ھاياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قىسمەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن



ئۆتكۈزىدۇ. گەرچە ئۇ سىياسىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان تېمىلارنى تاللىسىمۇ، ئۇقۇملاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئەكسىچە تۇرمۇش پۇرىقى مول بولغان ۋەقەلەرنى تاللاپ، پېرسوناژلىرىنىڭ پائالىيەت زېمىنىنى كېڭەيتىپ، ئۇلارنى خىلمۇخىل زىددىيەتلەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ زىددىيەتلەر ئۈستىدىكى كونكرېت ئىپادىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى مول بولغان ۋەقەلەر ئىچىدە نامايان بولىدۇ. ئىنتايىن ھېسسىي پائالىيەتلىرى ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرى ۋە پېرسوناژلىرىنىڭ ئىنكاسلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرمۇشنىڭ رەڭدارلىقىنى ساقلىغان ھالدا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەلا بىلەن نۇرى ئوبرازىنى ئالساق بۇ ئىككى پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈش ۋە ئۆزگىرىش جەريانىغا بېرىلگەن ۋەقەلەر ئاز ئەمەس. ئەسەردە ئىلىم ـ پەن بىلەن سولچىللىق، مۇھەببەت بىلەن نىكاھ، دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن پەسكەشلىك، روھىي ئىنتىلىش بىلەن جىسمانىي توقۇنۇش قاتارلىق تۇرمۇش قاتلاملىرى ۋە زىددىيەتلەر كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن. مەسىلەن: ئەلا قاتارلىق ياشلارنىڭ دەسلەپتىكى جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ۋەتەنگە شەرەپ كەلتۈرۈش ئارزۇسى، ئۇنىڭ گۈزەلئايغا يوشۇرۇن كۆيۈشى، ئىرادە بىلەن ھېسسىياتنىڭ تىركىشىشىنى مەزمۇن قىلغان بولسا، ئەلانىڭ ئىلىم ـ پەن يولىنى تاللىشى ۋە ئۇنىڭ رەقىب بىلەن بولغان توقۇنۇشى غايە بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇنداق مول ۋەقەلىك ئۇنىڭ رومانلىرىنى كۈچلۈك چىنلىق پۇرىقىغا ئىگە قىلىدۇ.

### 3. ئىخچام قۇرۇلما، يەڭگىل تىل

زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرىنىڭ ۋەقەلىكى مول، مەزمۇنى مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر، لېكىن چېچىلاڭغۇ ئەمەس. بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئەپچىل تۈزۈپ، ئاز سەھىپە ئىچىدە مول مەزمۇننى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان ماھارىتىدىن كەلگەن. ئاپتور گەرچە رومان يېزىۋاتقان بولسىمۇ ئۆزى ئارىلىشىدىغان بايان شەكىللىرىنى ئىنتايىن ئاز قوللىنىپ، پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى خۇددى ھېكايىلىرىدىكىدەك ئۇلارنىڭ ئۆزىنى سۆزلىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېچىپ بېرىدۇ. پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى تونۇشتۇرۇپ يازىدىغان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن بايان قىلىدىغان ئۇسۇلدىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىدۇ. قىسقا دىئالوگلاردىن تەركىب تاپقان جۈملە شەكلى بىلەن ئوشۇقچە پەردازدىن ساقلانغان جانلىق خەلق تىلى ئۇنىڭ خاراكتېر يارىتىش، مۇھىتنى تەسۋىرلەشتىكى تىل ئالاھىدىلىكىدۇر. بولۇپمۇ ئاپتور دىئالوگ شەكلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ پېرسوناژلىرىنى سۈرەتلەشكە ئىنتايىن ماھىر بولۇپ، پېرسوناژلىرىنى دىئالوگ ئارقىلىق بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلى ئارقىلىق سۆزلىتىشنى تەرەققىي قىلدۇردى. بىز «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت» رومانلىرىنىڭ بېشىدىكى قۇرلارنى ئوقۇساقلا بۇ نۇقتىنى ھېس قىلالايمىز.

### 4. كۈچلۈك لىرىكىلىق

زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرى بىزگە كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ قالماستىن، خۇددى بىر لىرىك نەسردەك كۈچلۈك ھېسسىيات ئاتا قىلىدۇ. بۇ خىل ئۈنۈم ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرلىرى ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنى سۈرەتلەشتىكى نازۇك تەسۋىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇھىت تەسۋىرىنىڭ رولى



خىلمۇخىل بولىدۇ. رومانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ تەرەپتە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە كەيپىياتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق رومانلارغا كەڭ بولغان ماكان تۈسىنى بېرىپ، مەلۇم رايوننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، گۈزەل موھىت تەسۋىرى ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرىدا بېرىلگەن تەبىئەت تەسۋىرلىرى يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىشتا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ گەۋدىلىك بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق مۇھىتنى مۇئەييەن سىياسىي ئىجتىمائىي ھالەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

«تۈنۈگۈن قىبلىدىن ئاچچىق شامال چىققان كۈنى مەھەللىگە قىلىچ ئاسقان ئىككى چېرىكنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالا بايتالنىڭ بۇرۇتلۇق چاپارمىنى كىرىپ كەلدى» ① بۇ تەسۋىردە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى بىلەن تەبىئىي مۇھىت تەسۋىرى بىرلىشىپ سۈرلۈك بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى ئىپادىلىگەن بولسا، تۆۋەندىكى تەسۋىردە غېنى باتۇرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كۈچلۈك سىلكىنىش ئىپادىلەندى «غېنى مىچىلداپ يىغلىدى، ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىدىكى ئۇيۇل - ئۇيۇل موسكۇللىرى گويا ئوق تەگكەندەك سىلكىنەتتى:

—قىساس ئالىمەن! شىڭ دىگەننىڭ كاللىسىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئالىمەن!

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى، 71 - بەت.

تاغ ھاۋاسى ئاجايىپ، ھاۋادا بىردىنلا چاقماق چېقىلدى، ھاۋا گۈلدۈرلىدى، شارقىراپ يامغۇر قۇيۇۋەتتى».① «تېرەكلەرنىڭ تۇۋىدىكى ئېرىقلاردا شوخ سۇ چۇرۇقلايدۇ، شاخلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ كۈمۈشتەك ياپراقلىرى ئاي يورۇقىدا ئاق كېپىنەكتەك لىغىلداپ، گويا ئاسماندىن كۈمۈش تەڭگە تۆكۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئاشۇ تىنىمسىز چاۋاك چېلىپ پىچىرلىشىپ تۇرىدىغان شوخ يوپۇرماقلار سەيلىمىزگە ھەۋەسلەنمەكتە».②

بۇ تەسۋىردە ئەلانىڭ خۇشال ـ خۇرام كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. ئاپتورنىڭ تەبىئەتنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەسۋىرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە گۈزەل مەنزىرىسىنى ئىنتايىن نەپىس ھالدا سىزىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «بۇ باغ رىۋايەتلەردىكى سىرلىق ئورمانلىققا ئوخشايدۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆستەڭچۇ تېخى. ئۇنىڭ بويلىرىدىكى قاپاق تېرەكلەر بۇ قاشادىن ئۇ قاشاغا يېتىۋالغان، ئۇ ھەم كۆۋرۈك، ھەم ئىلەڭگۈچ. غولى كاۋاكلاشقان تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئاق ئۇجمىچۇ؟ ئۇ بەلكى نەچچە يۈز يىلدىن بېرى مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقاندۇر؟ قويۇق ئالمىلىقلار ئارىسىدىكى چىمەنلىك تېخىمۇ كۆڭۈللۈك، ياتساڭ كۆرپە، موللاق ئاتساڭ ماموق، ئوڭدا يېتىپ ئاسمانغا قارىساڭ بىر سىرلىق دۇنيا...»③

بۇنداق تەسۋىرلەرنى ئاپتورنىڭ رومانلىرىدا ناھايىتى كۆپ

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 18 ـ بەت.

② «ئىزدىنىش» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 27 ـ بەت.

③ «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 422 ـ بەت.



ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل تەسۋىرلەر شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئېنىقلىق، ئىلمىيلىك قىممىتىدىن باشقا گۈزەللىك رىتىمدارلىقى بىلەن تولىمۇ گۈزەل بولغان مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتنى ھاسىل قىلىدۇ.

### 5. كۈچلۈك پەلسەپىۋىدىن تەركىب تاپقان مەنە چوڭقۇرلۇقى

زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرى، ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم جۇغلانمىسىنىڭ كەڭلىكى، كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە كۆتۈرۈلگەن ھايات ھېكمەتلىرىگە تويۇنغانلىقى بىلەن ئالاھىدىدۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ رومانلىرىغا كۈچلۈك بولغان مەنىۋى چوڭقۇرلۇق ئاتا قىلغان. مەنە چوڭقۇرلۇقى رومانلاردا بەدىئىي ئۇنۇم ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل. چۈنكى كونكرېت بەدىئىي تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي جەريانىغا سىڭگەن ھېكمەتلىرى بىزنى ئويلاندۇرۇپ قالماي، قايىللىق ئىچىدە زوقلاندۇرىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرىدىكى مەنا چوڭقۇرلۇقى:

بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت، ئىنسان ھەققىدىكى مول بولغان پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن كەلگەن. لېۋ تولستوي «ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇھىمى، سەنئەتكار ئۆز دەۋرىدە ئەڭ يۇقىرى بولغان دۇنيا قاراش سەۋىيىسىدە تۇرۇشى لازىم»① دېگەن ئىدى. زوردۇن سابىر ئۆز رومانلىرىغا ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان ھايات ھەققىدىكى يەكۈنلىرىنى كىرگۈزۈپ، كىتابخانلارنى ھايات ھەققىدە

① لېۋ تولستوي: «ئىجادىيەت توغرىسىدا» ، لى جياڭ نەشرىياتىنىڭ خەنزۇچە نەشرى، 20 ـ بەت.

چوڭقۇرراق ئويلىنىپ بېقىشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن: «بايرام بولغان كوچىلاردىن تاۋۇت كۆتۈرگەن ھازىدارلار ئۆتىدۇ. بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى»،① «گۇگۇم تۇنۇگۇنىنىڭ دەپنە مۇراسىمى، ئەتىنىڭ تولغىقى». ئاپتور ھايات ـ مامات ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىشنى مانا مۇشۇنداق جۈملىلەر ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق ئىپادىلىگەن. ئاپتورنىڭ بۇ خىل پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتى، ھاياتلىقنىڭ قىممىتى، ياشاش، ئۆلۈم، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئەخلاق ۋە ئېتىقاد، تەبىئەت ۋە گۈزەللىك قاتارلىق مەزمۇنلارغىچە كېڭەيگەن. ئىككىنچىدىن، ئاپتورنىڭ رومانلىرىدىكى مەنە چوڭقۇرلۇقى ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرگەن مول بولغان تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىن كەلگەن. ئاپتورنىڭ رومانلىرىنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بىلىم خەزىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ رومانلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئارقىلىق بېرىلگەن ئىلمىي بىلىملەر ناھايىتى كەڭ. بۇ بىزگە زوردۇن سابىرنىڭ كۆپ كىتاب ئوقۇغان بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ خىل ھېكمەتلىرى ۋەز ـ نەسىھەت تەرىقىسىدە ئېيتىلمايدۇ، بەلكى چۈشىنىشلىك ئاددىي تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن بېرىلگەچكە، كىتابخاندا ئىنتايىن يەڭگىل ۋە ھېسسىي تەسىرات قوزغايدۇ.

## 6. قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك

زوردۇن سابىر رومانلىرىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 961 ـ بەت.



مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش، ئېلىم ـ سېتىم، يېمەك ـ ئىچمەك، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا ئوخشاش ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەپ، رومانلىرىغا مىللىي تۇرمۇشنىڭ كۈچلۈك ھىدىنى سىڭدۈردى. بىز تۆۋەندىكى قۇرلارغا نەزەر سالساقلا بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ ئالالايمىز. «ئۇلار ئاتلىرىنى ئېگەر باشلىرىغا قاڭتۇرۇپ قويۇپ، ھۆل تالدىن زىخ ياساپ كاۋاپ قىلىشقا تەييارلىنىشتى، ئەبلغازى بېشىنى كۆتۈرمەي كېيىكنىڭ قارنىنى يېرىش بىلەن بەند ئىدى، بىردەمدىن كېيىن قۇرۇق شاخلاردىن گۈلخان پەيدا بولدى. ئۇلار تۆتى كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن تۇزسىز، لازىسىز كاۋاپنى زىخچىلاردىن سىيرىپ ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى»،① «ئەكبەر مورا ئوچاققا، ئۇنىڭ يېنىدىكى كۈل تۆكىدىغان ئورەككە ھەتتا كۈل سۈپۈرىدىغان كىگىز پارچىسىغا قارىدى. ئوچاقتا قۇم چۆگۈن تۇراتتى»،② «بۇ چاغدا يېزا كوچىلىرىدا موزايلاردىن باشقا جانلىق كۆرۈنمەيدۇ. ئاياللار قاپاقلىرىغا ئەتكەنچايلارنى قاچىلاپ قىل خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشىنى چاي ـ نان، چىنىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىدا قىزىق يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ ئېتىزغا يۈگۈرۈشىدۇ.»③ بۇنداق قويۇق مىللىي خاسلىق ئۇنىڭ رومانلىرىنى كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلدى.

①② «ئاۋرال شامالىلىرى» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 4 ـ ، 498 ـ بەت.

③ «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2000 ـ يىل نەشرى، 49 ـ بەت.

## سەككىزىنچى
## «ئىزدىنىش» رومانىدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى توغرىسىدا

«ئىزدىنىش» رومانى تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تېپىكلىكى بىلەن ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا يېڭىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. رومان بىر قەدەر كەڭ بولغان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەردى. رومان كۆپ خىل تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ، ئوخشىمىغان تۇرمۇش قاتلاملىرى ئىچىدە پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىدىغان بەدىئىي شەكىلدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ھېكايە ژانىرلىرىدا يارىتىلىدىغان بىر قەدەر تۇراقلىقلىقتا ئىگە ياكى ئىنسان ھاياتىنىڭ مەلۇم دەقىقىلىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر-ئىككى ئىش ئۈستىدىكى تۇراقلىق خاراكتېر ئىپادىلىنىدىغان ئوبراز بولمايدۇ. چۈنكى روماندا پېرسوناژ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىر شەجەرە سۈپىتىدە ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ تارىخ ئىچىدە ئۆزىنى ئۆستۈرۈشى لازىم بولىدۇ. شۇڭا روماندا يارىتىلغان پېرسوناژلار دەۋرچانلىق خۇسۇسىيىتىگە، ئۆزگىرىشچانلىقتا، كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى روماندا پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ياراتقاندا، بىر تەرەپتىن، تارىخىي شارائىت دائىرىسىدە كۆزىتىپ تەسۋىرلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژلارنىڭ روھىي قاتلىمىنى بىر قەدەر تولۇق كۆپ خىل نۇقتىدىن كۆزىتىپ تەسۋىرلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.



زوردۇن سابىر كىشىلەر خاراكتېرىدىكى نازۇك، ئىنچىكە تەرەپلەرنى سىزىپ بېرىشكە ماھىر ھېكايىچىدۇر. ئۇ پېرسوناژلىرىنىڭ روھىنى مۇرەككەپلىك ئىچىدە، ئۆزگىرىش ھالىتىدە جانلىق كۆزەتتى ۋە تەسۋىرلىدى. ئۇ پېرسوناژلىرىنى ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى ئىچىگە تەبىئىي قويۇۋېتىپ ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تىپىك پائالىيەت زېمىنىنى تەسۋىرلەپ روھ بىلەن رېئاللىقنىڭ كۈچلۈك توقۇنۇشلىرىنى ھەقىقىي ئىشەنچلىك ئېچىپ بەردى.

ئاپتور ئەسەرنىڭ پۈتكۈل سۇژېت لىنىيىسىنى ئەلانىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى مەركەز قىلىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېردىكى توقۇنۇشى ئارقىلىق ۋەقەلىكنى بەرگەن. يەنى ئەلا بىلەن گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى، ئەلا بىلەن رەقىبىنىڭ دەۋرگە بولغان چۈشەنچىلىرى، ئەلا بىلەن ھاشىرنىڭ غايە ھەققىدىكى توقۇنۇشلىرى، ۋە نامەرتنىڭ ھاياتنى ئاسان ئۆتكۈزۈش ئەقىدىسى قاتارلىقلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق پېرسوناژلار خاراكتېرىنى جانلىق ئېچىپ بەرگەن ۋە ئەلا بىلەن گۈزەلئاي، ھاشىر بىلەن ئەلا، نامەرت بىلەن ئەلا، ئادىلە بىلەن گۈزەلئاي قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ قالمايدىغان ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك دەرىجىدە يارقىنلىقتا ئىگە قىلغان.

**ئەلا ئوبرازى توغرىسىدا:** ئەلا بۇ روماندىكى باش پېرسوناژ بولۇپ، زوردۇن سابىرنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى زور مۇۋەپپەقىيىتى روماندا ئەلا ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر روشەنلىكى بىلەن يارىتىلغانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەسەردىكى پۈتكۈل سۇژېت جەريانى ۋە مەنا قاتلاملىرى ئەلانىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.

شۇڭا ئەلانىڭ ئەسەردە تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ پۈتكۈل
رومانىنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ باشقا پېرسوناژلار بىلەن چەمبىرەك
ھالىتىدىكى مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ، ئەلا ساددا، ئاق كۆڭۈل،
قىزغىن ياش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ دەسلەپتە شۇ دەۋر-
دىكى ياشلارغا خاس بولغان ئىنتايىن ساددا ۋە قىزغىن ھېسسى-
ياتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قىيىنچىلىق ئەڭ زور بولغان يەرگە بې-
رىش، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكنى قىلىش ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش-
نىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يولى دەپ قارايدۇ ۋە مۇشۇ يول ئارقىلىق ئىرادىنى
تاۋلاشنى ئويلايدۇ. شۇڭا ئۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا
تەقسىم قىلىنغان ۋاقتىتا ئانچە خۇشال بولمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ساددا
قىزغىن خاراكتېرىنى ئىپادىلىسە، تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇنىڭ ئاق
كۆڭۈللۈكىنى ئىپادىلەيدۇ. «دوستۇمغا ياردەم قىلىش غەرىزى
كۆڭلۈمگە كېلىشى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىم بىردىنلا يو-
قالدى ۋە مەن ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئوسمانىنىڭ بوينىغا گىرە
سالدىم ـ دە، ئۇنى بەزلەشكە باشلىدىم مەن مېھرىبانلىق بىلەن ئۇ-
نىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىدىم»① ئۇنىڭ مۇنداق ئاق كۆڭۈللىكى
ئەسەردىكى ئەلانىڭ بۇ خىل خاراكتېرى، ئۇنىڭ ھاشىر، ئادىلە رازىيە
قاتارلىق دوستلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ جانلىق
ئىپادىلىنىدۇ.

ئەلا ئىلىم ـ پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىلغار زىيالىيلارنىڭ
تىپى. ئەلا كىچىكىدىن تارتىپلا ئويۇن تاماشىدىن كىتاب ئوقۇشنى
ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ساۋۇتوف قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭ تەسىرى
بىلەن ئىلىم ـ پەن ئارقىلىقمۇ ۋەتەنگە تۆھپە قوشقىلى

① «ئىزدىنىش» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەش-
رى، 54 ـ بەت.



بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا
مىللەتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن بۇ جاپالىق ئىشقا ئاتلىنىدۇ. ئەلا
ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قى-
لىش ۋە رەتلەشتىن ئىبارەت زور غايىنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات
سەھىپىسى قىلىپ تاللايدۇ. ئۇنىڭ غايىسى ئۆز دائىرىسىدىن ۋە
شەخسىيلىكتىن ھالقىغان مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ ئۇلۇغ ئىشى
ئىدى. شۇڭا ئۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن ئۆگىنىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاز بولمىغان
ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ ئۆگىنىشكە بولغان زور
جاسارىتى ئارقىلىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، گەنجا يايلىقىدىكى
ئېغىر ئەمگەك ۋە زېرىكىشلىك تۇرمۇشنى يېڭىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆز
روھىيىتىدىكى توقۇنۇشلار بىلەنمۇ كەسكىن ئېلىشىدۇ. ئۇ ئى-
لىم ـ پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك توسالغۇلارغا
ئۇچرايدۇ. مۇھەببەتلىك تۇرمۇشتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.
ئەلۋەتتە ئۇ مۇھەببەت ئالدىدا گاڭگىرايدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، لې-
كىن غايىسىدىن يانمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىلىم ـ پەنگە ئۆزىنى
بېغىشلاش روھى ئۇنىڭ گۈزەلئاي بىلەن بولغان توقۇنۇشى، گەنجا
يايلىقىدىكى زېرىكىشلىك ۋاقىتتىكى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى ۋە
ئاخىرىدا ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىشى قا-
تارلىق تەپسىلاتلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ گەرچە بەزى ۋاقىتلاردا ئۈ-
مىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنىڭ
غايىسىدە چىڭ تۇرىدۇ.

ئەلا سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زەربىسىنى ئۆز بېشىدىن
ئۆتكۈزگەن، ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر زىيا-
لىيلىرىنىڭ تەقدىرى ۋە ئىدىيىۋى ھالىتىنى ئىپادىلىگۈچى ئوب-
راز. ئەلا ئىلىم ـ پەنگە ئۆزىنى بېغىشلىغۇچى بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى ئىلىم ـ پەننىڭ ھەقلىق قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەلا تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشەنگەن ياش، شۇڭا ئۇ دەۋرنىڭ ناتوغرا ئېغىشلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ، ئۇ گاڭگىراش ئىچىدە ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆزى سۆيگەن ئىلىم ـ پەن يولىنى تاللايدۇ. يۇقىرى ئورۇن، يۇقىرى تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوقۇشلۇق شارائىتلاردىن ۋاز كېچىدۇ ۋە گەنجا يايلىقىغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇلىدۇ، ئەلانى بىر تەرەپتىن دەۋرنىڭ سىياسىي ئىمتىيازلىرى قىينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە مۇھەببەتتىن پەيدا بولغان روھىي بېسىم قىينايدۇ. لېكىن ئۇ ھەققانىيەت ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «مەن ئۆز بەختىمنى كىتاب ۋە ئەمگەكتىن ئىزدىشىم كېرەك.»

ئەلا گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە، روھىي دۇنياسى نازۇك بىر ياش. ئۇ گەرچە ناھايىتى زور بولغان غايىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، دوستلىرى ئالدىدا ۋە ئائىلىدە ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى ۋە باشقىلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ گۈزەلئاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆپ قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. رەقىبىنىڭ ئۆزىگە قىلغان زىيانكەشلىكىنى بىلگەن ۋاقىتتىمۇ رەقىبىگە تۈزىتىۋېلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بىلەن بولغان بالىلىقتىكى دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ ئادىلە بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدىكى تەپسىلاتلاردا ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىدىكى گۈزەللىك ناھايىتى يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ئادىلەنىڭ باشقىلارنىڭ پۈشتىدىن بولغان بالىسى ئۈچۈن ئاتا بولۇشقا رازى بولىدۇ. ۋە



ئادىلەنىڭ روھىي ئازابلىرىغا نازۇك بولغان روھىي گۈزەللىكى ئارقىلىق تەسەللىي بېرىدۇ. ئاپتور ئەلا ئوبرازىنى ياراتقاندا ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش تارىخىنى ئادەتتىكى ۋەقەلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز زىددىيەتلەر ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ئۆگىنىش مەستانىسى، مۇھەببەت مەستانىسى بولۇش بىلەن بىرگە قىزغىنلىق بىلەن ئۈمىدسىزلىك، غايە بىلەن رېئاللىق ئارىسىدىكى مۇرەككەپ روھىي تىركىشىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاپتور ئەلانىڭ غايىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى بىر قەدەر كەڭ تەسۋىرلەپ ئەلانىڭ ئىرادىلىك، غايىلىك گۈزەل پەزىلەتلىك روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن.

گۈزەلئاي ئوبرازى توغرىسىدا: گۈزەلئاي ئوبرازى ئاپتور كۆڭۈل قويۇپ ياراتقان يەنە بىر پېرسوناژ ئوبرازىدۇر، گۈزەلئاينىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىك ئەلانىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، رەقىبىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلىشىدىمۇ ئىنتايىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گۈزەلئاي خاراكتېرى ئۈستۈن، ئىچكى تەبىئەتلىك قىز. ئاپتور گۈزەلئاي ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەندە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنى ناھايىتى لايىق ۋە جايىدا بەرگەن گۈزەلئاي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق گۈزەل بولۇپ، ئەگەر گۈزەلئاينىڭ مۇشۇ تاشقى گۈزەللىكى بولمىغان بولسا ئۇنىڭ تەكەببۇرانە خاراكتېرىنىڭ مەنبەلىرىنى چۈشىنىش بىر قەدەر قىيىن ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ چىرايى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەم قىزىقىدىغان، بولۇپمۇ يىگىتلەرنى ئىشقىدا مەست قىلىدىغان ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا گۈزەلئاي بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق قىياپەت بىلەن پەيدا بولىدۇ : «ئۇ تاغلاردىكى

كەچكى شەپەقتە، ئاق قىزغۇچ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇراتتى. گويا ئۇنىڭ
ئالدىدا ياش يىگىتلەر يوقتەك، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە، ھەتتا
چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان كىرپىكلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە
زەن قويۇپ ئولتۇرغان مۇنۇ ئالتە يىگىت گويا مۇشۇ قاپتالنىڭ
كېرەكسىز تاشلىرىدەك... تەكەببۇر قىز قولىنى كەينىگە تۇتۇپ
كىشىنى مەست قىلىدىغان چىرايلىق كۆكرىكىنى ئالدىغا چىقى-
رىپ گۈزەل لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يىراقلارغا قاراپ تۇراتتى».①
ئۇنىڭ بۇنداق بىر قەدەر سوغۇق تەكەببۇر، مال ـ دۇنياغا بېرىلىدى-
غان، ئۇستۇن خاراكتېرلىك قىز بولۇشى ئالدى بىلەن گۈزەلئاينىڭ
باياشات ئائىلىدە چوڭ بولۇشى، كىچىكىدىن ئۆگەنگەن ئاسان ئې-
رىشىش ئىستىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلانىڭ ئەكسىچە ئۇ
ئىرادە جەھەتتە ئاجىز، تۇرمۇشنىڭ قاتتىق سوغۇقىغا بەرداشلىق
بېرەلمەيدۇ. ئەلا بىلەن بىرلىكتە جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتا
بىللە بولۇشقا چىدىمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەن ئازابلار
تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى ۋە ئىقتىدارىدىن
مەھرۇم قالىدۇ ۋە دەل مۇشۇ خاراكتېر توقۇنۇشى ئىككى ياشنىڭ
مۇقەررەر پەيدا بولىدىغان مۇھەببەت ۋە ئائىلە تراگېدىيىسىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچىدىن گۈزەلئاينىڭ تراگېدىيىلىك
تەقدىرى ئۇنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان تاشقى گۈزەللىكى بىلەنمۇ
مۇناسىۋەتلىك. گۈزەلئاي ئەسەردە خۇددى رىۋايەتلەردىكى ساھىبجا-
ماللاردەك گۈزەللەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىدۇ، ئەسەر ئېلان قىلىنغان
دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاپتورنىڭ گۈزەلئايغا بەرگەن بۇ تەسۋىر-
لىرىنى ئاپتورنىڭ ماھارىتىدىكى كەمچىللىك دەپ تەنقىدلىگۈچى-

① «ئىزدىنىش» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەش-
رى، 71 ـ بەت.



لەرمۇ بولدى، بىراق ئۇنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قىلىپ تەس-
ۋىرلەش گۈزەلئاينىڭ ئەسەردىكى ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىن-
تايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ئەلا بىلەن رەقىب ئوتتۇرىسىدىكى توقۇ-
نۇشنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى شەكىللەندۈرىدىغان پېرسوناژ بولۇپ،
گۈزەلئاينىڭ ئاشۇ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى شەھۋەتپەرەس رەقىب-
نىڭ ئەلاغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ھاسىل قىلغان ئەڭ دەسلەپكى
مەنبە ئىدى. گۈزەلئاينىڭ خاراكتېرىدە يەنە شۆھرەتپەرەسلىك مۇ-
ھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەلادىن مۇكچىيىپ ئولتۇرىدىغان
تەتقىقات ئىشىنى تاشلاپ يۇقىرىراق ئورۇنغا ئىنتىلىپ بەختىيار
تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئادىلە بىلەن بىر قېتىملىق
ئويۇن قويۇش سەپىرىگە چىقىپ ئادىلەنىڭ ئۇزۇك سېتىۋالغىنىنى
كۆرگەندە، ئۆزىدە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بولمايدىغانلىقى
ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىدۇ ۋە شۇنچە ۋ‍ېيىنچىلىق ئۈستىدە تۇرۇ-
ۋاتقان ئەلاغا ئۆزىنىڭ بۇ تەلىپىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ-
نىڭ قىزىقىدىغىنى ناخشا ـ مۇزىكا، سەيلىلەر ئىچىدىكى رومانتىك
تۇرمۇش. ئۇ ئەلادىن بۇ خىل ئەقىدىسىگە جاۋاب بەرگۈدەك نەرسى-
لەرنى تاپالمايدۇ ۋە ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئاخىرىدا ئەلا بىلەن ئىككىسى
ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. خاراكتېرى بىر ـ بىرىدىن
تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بۇ ئىككى ياش ئۆزىنىڭ خاراكتېر مەنتى-
قىسى بويىچە بىر ـ بىرىگە يول قويمايدۇ. ئاخىرىدا ئاتا ـ ئانىسى
بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنى تاللايدۇ. دېمەك، ئەلانىڭ خا-
راكتېرى گۈزەلئاي بىلەن بولغان تۈرلۈك توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق
گەۋدىلىنىدۇ.

گۈزەلئاي خاراكتېرىدىكى يەنە بىر ئامىل، ھەممە جەھەتتە
مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش، باياشات تۇرمۇش، گۈزەل ئەسلىمى-

لەر، ساياھەت ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەرت - شارائىتلار، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا قوغلىشىدىغان غايىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئەلا گەنجا يايلىقىغا ھەيدەلگەندە غۇلجىغا كېلىپ، غۇلجىدىكى كەچلىك مەنزىرە، ياخشى كىيىم - كېچەك ۋە نازۇ نېمەتلەر ئۈستىدە ئۆزىنىڭ مەستخۇش بولغان ئارمىنىنى ئەلاغا يازغان خېتىدە جانلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور گۈزەلئاي ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ خاراكتېر مەنتىقىسىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلغان بولۇپ، گۈزەلئاي ئېڭى جەھەتتە ئەلادىن قېلىشمايدۇ. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشتا سەل يول قويسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشلارغا باش ئەگمەيدۇ. بۇ دەل ئىككى خىل ئىرادىگە ئىگە ئادەملەرنىڭ مۇقەررەر يولۇقىدىغان پاجىئەسى ئىدى. ئاپتور ئەلانىڭ ئىلىم - پەنگە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك گۈزەل غايىسى بىلەن گۈزەلئاينىڭ شەخسىي راھەت - پاراغەت، مۇھەببەت ئۈستىدىكى تاللىشىنى سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ئەلانىڭ ئىلىم - پەن ئۈچۈن راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچەلەيدىغان ئىلىم سۆيەر خاراكتېرىنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ.

ھاشىر ئوبرازى: بۇ روماندىكى خاسلىققا ئىگە يەنە بىر ئوبراز ھاشىر ئوبرازى بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە تەقدىرى بىر تەرەپتىن بىزنى تەئەججۇپلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ. ھاشىر ئاق كۆڭۈل، ئىنتايىن ساددا، ھەق - ناھەق قارىشى كۈچلۈك، قىزغىن بىر يىگىت، ئۇ خۇددى ئەلاغا ئوخشاش ۋەتەنىنىڭ جاپالىق جايلىرىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان ئەقىدىسىنى ئاقلىماقچى بولىدۇ. بىراق ئۇ ئەلادىن پەرقلىق ھالدا دەۋرنىڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىنى ئاڭقىرالمايدۇ، شۇڭا



ياشلارغا خاس قىزغىنلىقى بىلەن دەۋر ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان شوئارلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئىنتىلىدۇ. ئۇ ئادەم بولۇشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يولى زاۋۇتتا ئىشچى بولۇپ ئەمەلىي ئىش قىلىش دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە كىتاب ئوقۇش يارىماسلىقنىڭ ئىپادىسى، ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ بېيجىڭلىقلارنى جىسمانىي ئەمگەك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ كۆرىدۇ. شۇ قاتاردا كىتاب مەستانىسى بولغان ئەلانى توغرا يولغا ماڭمىدىڭ دەپ قارايدۇ، ئۇنىڭ ئەلا بىلەن بولغان غايە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشلىرى ئۇنىڭ نادانلىقىنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ. ھاشىر ئوبرازى دەۋرنىڭ سىياسىي پۇراقلىرى ئىچىدە قىزىللىشىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھاشىرمۇ خاراكتېردىكى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلىدىن، خاراكتېرى كەسكىن، ھەق - ناھەق قارىشى بىر قەدەر ئېنىق، ھېسسىياتچان، ئەخلاقلىق قىز رازىيە بىلەن چىقىشالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن سولچىل چۈشەنچىسى ئۇنىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق مۇھەببىتىنى تۇنجۇقتۇرۇشقا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئەلا بىلەن رازىيە ئۈستىدە سۆزلەشكەندە ئەلاغا مۇنداق دەيدۇ: «ماڭ يوقال! ــــ دېدى ئۇ تامغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋېلىپ، ــــ قىزلارغا ۋاقىت ئاجراتقان ئادەم ئۆز - ئۆزىنى خاراب قىلىدىغان ئادەم. قىز ــــ ھاياتىڭغا چۈشكەن ئېكەك...»[1] ئۇ ئۇزىنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلاشتا جاپالىق يەرلەردە ئەمگەك قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاپ قالماستىن، مۇھەببەتكە، ياشلارغا خاس ئويۇن - تاماشىغا باش ئەگمەسلىكمۇ ئىرادە تاۋلاشنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ

① «ئىزدىنىش» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 110 - بەت.

ۋە شۇنداق قىلىدۇ. چىرايلىق كىيىنىش، تانسا، ئولتۇرۇش دېگەن-
لەرنى بۇرژۇئازلارچە تۇرمۇش ئۇسۇلى دەپ قارايدۇ ۋە يىرگىنىدۇ. ئۇ
رەقىبكە «ھەيدە، ماۋۇ بۇرژۇئازىيىلەرنى! مۇنۇ رەقىب دېگىنىڭ بىر
مىكروب، مۇنۇ قىزلىرىڭ بىر مىتە، ئىستىقبالنى شامالغا ئايلان-
دۇرىدىغان بۇ زىياندىشلارغا ھېچبىيش ساڭا نومۇس ئەمەسمۇ، ھەي
ئاۋاق!»① دەيدۇ. دېمەك ھاشىر ئوبرازى دەۋرنىڭ سىياسىي پۇراق-
لىرىنى ئەڭ جانلىق ئىپادىلىگەن ئەڭ جەلپ قىلارلىق ئوبراز، ئۇ
خۇددى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى دونكىخوتقا ئوخشاش ئۇنتۇلغۇسىز
تىپ سۈپىتىدە ئېلىمىز خەلقى بېسىپ ئۆتكەن ئالاھىدە دەۋرنىڭ
ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگۈچى بولۇپ قالىدۇ.
رەقىب ئوبرازى: بۇ روماندىكى بەدىئىي روشەنلىككە ئىگە قى-
لىنغان يەنە بىر ئوبراز بولۇپ، ئۇ باي ئائىلىدە چوڭ بولغان، شۇڭا
كىچىكىدىن تارتىپلا پۇلپەرەس، شاللاق، مەنمەنچى بولۇپ تەربى-
يىلەنگەن. سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىم ھۆكۈم سۈرگەن كۈنلەردىكى
ھەق - ناھەقنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشى ئۇنى تاۋلاپ سۈيە-
قەستچى قارا نىيەت ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. رەقىب ئەسەرنىڭ بېشىدىلا
سەل ھىيلىگەر، جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى بىلىدىغان ۋە مەنمەن-
چى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. مەسىلەن، ئۇ ئەلاغا مۇنداق دەيدۇ:
«ئون يىل تىرىش، باشلىقلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىق،
باشلىق بولالمىساڭ مەن كېپىل!»② بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇ-
نىڭ تەبىئىتىدە ھاياتقا بولغان ساختىپەزلىكنىڭ يوشۇرۇنغانلى-
قىنى بايقايمىز. ئۇ شاللاق، شەھۋەتپەرەس، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خا-

①② «ئىز دىنىش» رومانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 108 - ، 91 - بەت.



راكتېرىنى ئاچقان ئامىل، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان قىزىقىشى
بولۇپ، ئۇ گۈزەللىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىڭ كويىغا چۈ-
شىدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ گۈزەل قىز ئۆزىگە ئوخشاش پۇلدار ۋە
مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە ئادەمگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى. لې-
كىن گۈزەللىك ئۇنىڭغا ئەمەس، بەلكى ئەلاغا قىزىقىپ قالىدۇ.
مانا بۇ رەقىبنىڭ ئەلاغا بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ باشلىنىشى
ئىدى. رەشك ئوتى ئۇنى تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر
قىلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ رەقىبنىڭ ئۆچىنى
ئېلىشقا ياخشى پۇرسەتلەر يارىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەلاغا ئاش-
كارا ۋە يوشۇرۇن تۇزاقلارنى قۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىككە ئېرىشەل-
مەسلىكى ۋە ئەينى يىللاردىكى ئۇستۇن شارائىتى ئۇنىڭ خاراكتې-
رىنى تاۋلاپ ساختىپەز ئادەمدىن قارانىيەت ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ-
نىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئورنىنى شەھۋانىي ھەۋەس، دوست-
لۇقنىڭ ئورنىنى رەشك، ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ ئورنىنى رەزىل-
لىك ئىگىلەيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەلا بىلەن گۈزەللىكنى ئايرىشنى
پىلانلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ساددا قىز ئادىلەنى ۋەيران قىلدى.
ئاپتور رەقىب خاراكتېرىنى ياراتقاندا ئۇنى ئۆزىگە خاس شارائىت
ئىچىگە قويۇپ، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ خاراكتېرىدە مۇقەررەر ھالدا
تۇغۇلۇشى مۇمكىن بولىدىغان تەرەققىيات بىلەن سىلجىتىدۇ. ئۇ-
نىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ يىلتىزى كۈنداشلىق بولۇپ،
ئۇمۇ روھىي ئازاب ئىچىدە تولغىنىدۇ. گۈزەللىككە ئېرىشەلمەسلىك
ئۇنى ھەر تۈرلۈك رەزىل ئىشلارنى پىلانلاشقا ئۈندەيدۇ. ئىرادە تەلە-
ماتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تە-

قەززالىقىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىدىن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئەك-
سىچە ئۇنى ئىپادىلەشنىڭ ھەر قانداق بىرشەكلىگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ
ۋە يارىتىدۇ. دېمەك، رەقىبمۇ خۇددى ئەلاغا ئوخشاش ئۆز ئىرادىسىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان روشەن خاسلىققا ئىگە
ئوبراز. ئاپتور رەقىب ئوبرازى ئارقىلىق ئەينى يىللاردىكى پۇرسەت-
تىن پايدىلىنىپ، چېقىمچىلىق، ئورا كولاش ۋە سۇيىقەستچىلىك
بىلەن ئىناۋەت تاپقان بىر بۆلۈم كىشىلەرنىڭ تىپىك خاراكتېرىنى
ئېچىپ بەرگەن.



## توققۇزىنچى
## «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ بەدىئىي
## مۇۋەپپەقىيىتى ھەققىدە

«ئانا يۇرت» زوردۇن سابىرنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇقىرى ئى-
ناۋەتكە ئىگە قىلغان ئاخىرقى رومانىدۇر. بۇ رومان بىر قەدەر كەڭ
بولغان مەزمۇنى، مۇرەككەپ ئەگرى ـ توقاي ۋەقەلىكى، كەڭ بولغان
ھەجمى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسوناژلىرى بىلەن ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتىدا قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالدى. «ئانا
يۇرت» رومانى 1930 ـ يىللاردىن تارتىپ مەملىكىتىمىز ئازاد بول-
غان ئارىلىقتىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىنى
تېما قىلغان بولۇپ، بۇ تارىخنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى جانلىق
يورۇتۇپ بەرگەن ئېپىك ئەسەر. 1930 ـ يىللار شىنجاڭ تارىخىدا زور
ئۆزگىرىشلەر بولغان دەۋر ئىدى، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە
ئېلىمىزدىكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سادالىرى شىنجاڭ-
دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە زېمىنغا ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر كۆرسەتتى،
گومىنداڭنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان شېڭ شىسەي،
سۈن جۇڭشەننىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ
شىنجاڭدا زورلۇق، زومبۇلۇق قىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئې-
ڭىنى ئويغاتتى. چېكىدىن ئاشقان سىنىپىي زۇلۇم، مىللىي زۇلۇم
ئاسارىتىدىكى ھەرمىللەت خەلقى دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ۋە گۈزەل
تۇرمۇش ئۈچۈن دەۋر سادasىغا يانداشتى. 1944 ـ يىلى ئىلى، ئالتاي،

تارباغاتاينى مەركەز قىلغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلىدى.
«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆرسىتىپ
ئۆتكەندەك «جوڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»
ئىدى. بۇ ئىنقىلاب گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىشنى
مەقسەت قىلغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر
نىيەتتە قوزغىلىشىدىن شەكىللەنگەن كەڭ كۆلەملىك سىياسىي
خاراكتېرلىك، قوراللىق ئىنقىلاب ئىدى. دېمەك ئاپتور تەسۋىرلە-
گەن تۇرمۇش شىنجاڭ خەلقىنىڭ 1940 ـ يىللاردىكى سىياسىي
ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۇلۇغ بىر ئىش ئىدى. زوردۇن سابىر «ئانا
يۇرت» رومانىدا مانا مۇشۇ ئۇلۇغ تارىخنىڭ سۈرىتىنى ئاجايىپ
ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بەردى. رومان بىر قانچە قېتىم نەشر
قىلىندى، تىراژى ئادەتتىكى تەسەۋۋۇردىن ھالقىپ كەتتى. خەلق بۇ
ئەسەرنى قولدىن ـ قولغا چۈشۈرمەي ئوقۇدى. ئەسەرنىڭ بەدىئىي
مۇۋەپپەقىيىتىنى سۆزلىگەندە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىلارنى تىلغا
ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. رومان بىر قەدەر كەڭ ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلەر
ئارقىلىق ئەينى دەۋرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ناھايىتى مۇۋەپپە-
قىيەتلىك سىزىپ بەرگەن.

1. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئىلى
ئوغرىسى دەپ ئاتالغان «غېنى باتۇر» قاتارلىقلارنىڭ زوراۋانلىققا
قارشى ئىستىخىيىلىك ھەرىكەتلىرىدىن باشلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ
ئاڭلىق كۈرەش تارىخىغا ئايلانغان ۋە شىنجاڭنىڭ ھەممە رايونلى-
رىغا تارقالغان داغدۇغىلىق كۈرەش جەريانلىرىغىچە بولغان كۈرەش
تارىخى ئىنتايىن كەڭ ۋە ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن، شىنجاڭنىڭ ئەينى
ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭغا خوجا
بولۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سۇيىقەستچىلىك ھەرىكەتلىرى،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىش، راۋاجلىنىش جەريانلىرى،



جەڭ مەيدانلىرىدىكى ئۇرۇش مەنزىرىلىرى، يېزا، شەھەر، قىشلاق-
لاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئوي پىكرى،
ئوخشاش بولمىغان تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئىنقىلابقا تۇتقان پوزىتى-
سىيىسى، زىيالىيلارنىڭ مىللەت، خەلق ئوتىدا ئويغىنىشلىرى،
جياڭ جېيشىنىڭ كومپارتىيە بىلەن بولغان ئومۇمىي مۇناسىۋىتى،
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلمى قاتارلىقلار خۇددى بىر قا-
مۇستەك كۆزىمىزنى قاماشتۇرىدۇ. ئاپتور يەنە «ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى» دىن ھالقىپ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى بىر قىسىم ئۆزگى-
رىشلەرنىمۇ پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىمىسى ئارقىلىق ئەسەرگە
سىڭدۈردى. شۇڭا بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇساق خۇددى بىر ئابىدە ئى-
چىگە كىرگەندەك بولىمىز. رومانىدا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش ئىنتا-
يىن كەڭ ۋە رەڭدار بولۇپ، ئاپتور ئوخشىمىغان قاتلاملارنى ئۆزگە
خاس رەڭگى بىلەن نامايان قىلدى. ئەسەردە دېھقانلار تۇرمۇشى، زى-
يالىيلار تۇرمۇشى، مۇھاجىرلار تۇرمۇشى، فېئودال يەر ئىگىلىرى-
نىڭ تۇرمۇشى، موللىلار، ئۆلىمالارنىڭ تۇرمۇشى، كوچا سەرگەر-
دانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ بىر قەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى
سىياسىئون، گېنېرال، تۆرە ئەمەلدارلار ھەتتا ئېلىمىزنىڭ يې-
قىنقى تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن جياڭ جېيشى، سۇڭ
مېيلىڭ، دۇنيا تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن ستالىن، چېر-
چىل قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىگىچە ئىنتايىن جانلىق تەسۋىر-
لەندى.

2. رومانىدا يارقىنلىققا ئىگە بولغان بىر توپ پېرسوناژلارنىڭ
ئوبرازى يارىتىلدى.ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي
مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان پېرسوناژلارمۇ بىر قەدەر زور سال-
ماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەسەردە دېھقانلارنىڭ، دىنىي زاتلارنىڭ، ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، رەھبەرلەرنىڭ، ئاق كۆڭۈل ئائىلە ئايال-
لىرىنىڭ، مۇرەككەپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان خائىنلارنىڭ
ئوبرازى بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ رومان
مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ياشاپ ئۆتكەن مۇھىم تارىخىي
شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ۋە پائالىيەتلىرىنى تارىخقا سادىق بولغان ئا-
ساستا چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ،ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ساقلاپ قې-
لىشتىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. تارىخىي شەخسلەرنىڭ
ئوبرازى بىلەن توقۇلما قىلىنغان ئوبرازلارنىڭ بىرلىكى ئايرىپ
ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە بىرلىككە كەلدى.

3. مەدەنىيەت، تەبىئىي پەن ۋە جۇغراپىيىۋى ئۇچۇرلارنىڭ
مولل‌ىقى، ئېنىقلىقى، ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن يەنە
بىر ئامىل. ئاپتور بۇ تېمىنى يورۇتقاندا نۇرغۇنلىغان تەسۋىرلەر
ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت قاتلىمىنى، جۇغراپىيە-
لىك مۇھىتتىكى ئالاھىدىلىكىنى، تاغ، دەريا سۇلىرىنى، يېزىلار-
نىڭ ئۆزگىچە پۇراقلىرىنى ئەينى شارائىتتا ئۇيغۇن ئىلمىي قىم-
مەتكە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەپ بەردى. سىياسەت، ۋەزىيەت، پەن -
مائارىپ ئۇستىدىكى دۇنياۋى بىلىملەر، ئېلىمىزگە خاس بولغان
زىددىيەتلەر، شىنجاڭغا خاس بولغان ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى
چوڭقۇر ئىپادىلىدى. مەسىلەن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارت-
لىشى، ياپونىيىنىڭ تەسلىم بولۇشى، چېرچىل، ستالىنلارنىڭ
سىياسىي پائالىيەتلىرى، تاكتىكا مەسىلىلىرى، كومپارتىيە بىلەن
گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى، جياڭ جېيشى بىلەن شېڭ شىسەي
ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مەسىلىلەر بىر سىياسىئوننىڭ كۆزىدە
كۆزىتىلدى. شۇڭا بىز بۇ ئەسەردىن شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان
تارىخى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە ناھايىتىمۇ زور بولغان بىلىمگە



ئېرىشەلەيمىز. ئاپتور يەنە بىر پەيلاسوپنىڭ نەزىرى بىلەن ئۆزىنىڭ
ھايات، كىشىلىك مۇناسىۋەت، دۇنيا، ئەركىنلىك، زومىگەرلىك،
ئۇرۇش ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرى بىلەن ئەسەرنى تويۇندۇردى. بۇ
ئارقىلىق روماننى كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ۋە مەنە چوڭقۇرلۇقىغا
ئىگە قىلدى.

4. رومانىنىڭ گۈزەل تەسۋىرلەرگە تويۇنۇشى، لىرىكىلىقى،
ئەسەرنى كۈچلۈك ھېسسىياتچانلىققا ئىگە قىلىپ، بەدىئىي سەن-
ئەتنىڭ ئاجايىپ كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئاپتور تەسۋىرلىگەن گۈ-
زەل مەنزىرىلەر، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەل تۇي-
غۇلار، شۇنىڭدەك ئاپتور تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان چوڭقۇر
مەنىلەر، ئەسەرنى يۈكسەك بولغان ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە
قىلدى.

5. ئاپتورنىڭ روماندا ئىشلەتكەن تىل ماھارىتى ناھايىتى يۇ-
قىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى قايتا بىر
قېتىم تىرىلدۇردى. روماندا قوللىنىلغان تارىخىي ئاتالغۇلار، ئۇن-
تۇلغان يەرلىك شېۋىلەر ۋە خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن ئېلىن-
غان ھېكمەتلەر بىزنىڭ بۇ قاراشلىرىمىزنى جانلىق ئىپادىلەيدۇ.
ئاپتور يەنە ھەربىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىگە ماس ھالدا تىل بې-
رىپ ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مېلودىيىسىنى
ياڭراتتى. رەڭدار تەسۋىرلەر بىلەن مۇھاكىمە ۋە لىرىكىنىڭ بىر-
لىكىدىن ھاسىل بولغان گۈزەل تىل بىزنى سۆيگۈ زېمىنىغا باش-
لاپ كىردى. ئاپتور ئەسەرنىڭ ھەجمىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەر-
كەزلەشتۈرۈپ، قىسقا مەنىلىك جۈملىلەرنى ئىشلىتىپ ھەجىم
جەھەتتىكى ئىخچاملىقنى قولغا كەلتۈردى.

6. «ئانا يۇرت» رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى روماندا يارىتىلغان
بىر توپ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى-

نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئاپتور ھەربىر پېرسوناژنى ئۆزىگە خاس بولغان مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، بىر قەدەر كەڭ بولغان توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئىنچىكە سۇرەتلىگەن. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ مىللىي قەھرىمانى سۈپىتىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز نۇرى ئوبرازى، گەپ - سۆزلىرى قوپال، بەزى تەرەپلەردە نادان، ئەمما ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان خەلق قەھرىمانى تارىخىي شەخس غېنى باتۇر ئوبرازى، جاپاكەش دېھقانلارنىڭ تىپى بولغان زىياۋۇدۇن ئوبرازى، يۇرتۋازلىق خاراكتېرى كۈچلۈك، تەكەببۇر ئەمما سۆيۈملۈك مۇختەر باي ئوبرازى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى زىيالىيلار ۋە رەھبەرلەرنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوبرازى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياغا ئىگە بولغان سىياسىئون شېڭ شىسەينىڭ ئوبرازى، فېئوداللىق ئەنئەنە قارىشى كۈچلۈك، سىياسىي ئېڭى تېخى يېتىلمىگەن يەرلىك ئەمەلدار ئېلىخان تۆرە ئوبرازى، دىنىي تەرەققىپەرۋەر زات مۇتالى خەلپىتىم ئوبرازى، بىلىملىك، ئاق كۆڭۈل ئاسىيە ئابىستەي، سەبىخە، پەرىخە، زەيتۇنە قاتارلىق قىز - ئاياللارنىڭ ئوبرازى، بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. تۆۋەندە بۇ ئوبرازلار ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

**نۇرمەمەت (نۇرى) ئوبرازى:** نۇرى ئوبرازى پۈتۈن ئەسەردىكى خىلمۇخىل ھادىسىلەرنى، پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرىدىغان، پۈتۈن ئەسەردە يادرولۇق رول ئوينايدىغان باش قەھرىماندۇر. ئەسەرنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە بولغان سەھىپە نۇرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەركىزىي لىنىيە قىلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ۋەقەلەرنى يانداشتۇرۇپ تەسۋىرلەش ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان. بىرىنچى، نۇرى بىلىم سۆيەر ياشلارنىڭ تىپى. ئۇ دەل «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ



ھارپىسىدا ئۆز مەھەللىسىدە «ئوغرى» ۋەقەسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاپتور بۇ پېرسوناژنى تەسۋىرلىگەندە، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك دەرىجىدە كۈچ چىقىرىپ تەسۋىرلەيدۇ.

«ئۈستەل ئۇرنىغا قىزىرىپ سىلىقلاشقان نانتاختا قويۇلدى، نۇرىنىڭ قولىغا ھەممە ئادەم قاراپ تۇرۇشتى، ئۇ ‹خىمچىسكى› قېرىندىشىنى ھۆللەپ قويۇپ قەغەزنىڭ بېشىغا ‹ئەرزە› دېگەن خەتنى يازدى. كۆپچىلىك تەڭلا: — پاھ ھوي، — دېيىشىپ كەتتى.»①

«نۇرى ساراي ئۆيگە كىرگۈچە ھەممىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ خېتىنى كاتىپ مىڭبېگىگە ئوقۇپ بېرىۋىدى، مىڭبېگى ھەيران قېلىپ: — كىم يازغاندۇ بۇ خەتنى، — دەپ سورىدى.»②

بۇ تەسۋىرلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نۇرى شەھەردىن 40 — 50 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ كىچىك يېزىدا ساۋات چىقارغان بىردىنبىر ئادەم. ئۇ خەتنى چىرايلىق يېزىش بىلەن كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ قالماي، يازمىسىنىڭ چوڭقۇر مەنىسى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ يەنە ئەسەردە بۇ يېزا ياشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان، ئالاھىدە كىيىم - كېچەكلىك، مۇلايىم قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ تەسۋىرلەردىن بىز ئەينى ۋاقىتتىكى يېزىلارنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا تېخى ئاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نۇرى بولسا بۇ يېزىدىكى ئوقۇمۇشلۇق بالا بولغانلىقىنى بىلىمىز. نۇرى ئىنتايىن تىرىشچان بولۇپ، تېخى 15 ياشقا تولماي تۇرۇپلا بىلىم ۋە بەزى تەرەپلەردە مەلۇم قابىلىيەتكە ئىگە بولغان، بۇ جەھەتتە بىز ئاسىيە ئابىستەينىڭ مىڭبېگىنىڭ

①② «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 11 — ، 12 — بەت.

ئالدىدا نۇرىنى ماختاپ:
«— ھېسابتا ھېچكىمنى ئالدىغا ئۆتكۈزمەيدىكەن» دېگەن
سۆزىنى مىسال قىلساق بولىدۇ.
ئۇ يەنە ئاپتور تەرىپىدىن «ناخشا ئېيتسا ئاۋازى يېقىملىق،
مەكتەپ ۋالىبول كوماندىسىدا ياخشى ھۇجۇمچى» دەپ تەرىپلىنىدۇ.
ئۇ زېرەك، يېڭىلىققا قىزىقىدىغان، ھەممىنى بىلىشكە ئالدىرايدى-
غان بالا بولۇپ، كىچىك بولغىنىغا قارىماي شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت،
كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، دۇنيادىكى مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە تو-
لىمۇ ئېنىق بولغان مەلۇماتلارنى باشقىلارغا يادقا ئېيتىپ بېرە-
لەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى مىڭبېگىنىڭ نۇرىنىڭ ئاغزىدىن
چىقىۋاتقان نۇرغۇن گەپلەرنى چۈشەنمەي، ئوڭ - تەتۈر سۆزلىگە-
نىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن
كېيىن ئۇنىڭدىكى قابىلىيەت، بىلىم ۋە كىشىلىك ھايات ھەققى-
دىكى چۈشەنچىلەر ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن
ئۇستازلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىدۇ، روسۇلوف، رەخىم-
جان، نىزامىدىن قاتارلىق ئۇستازلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
جەريانلىرىدا ئۇ شەيئىلەرنى يەككە ھالەتتىن كۆزىتىدىغان يېزا
بالىسىدىن، شەيئىلەرنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدىغان، توختىماي
پىكىر يۈرگۈزىدىغان بىلىملىك ياشقا ئايلىنىدۇ. ئاپتور نۇرى ئوب-
رازىنىڭ ئۆسۈش جەريانىنى خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇپ، ئۇلار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنىڭ
تەسىرىنى يېزىش ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەيدۇ. نۇرىنىڭ گىمنا-
زىيىدە ياخشى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى شىڭ شىسەينىڭ
شىنجاڭنى ۋەتەن قويىنىدىن ئايرىپ ئۆز ئالدىغا دۆلەت بولۇش پىلا-
نىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭ خەلقىگە كۆرسەتكەن بىر



مەزگىللىك «ئاقارتىش سىياسىتى» نىڭ تەلىپىدىن كەلگەن ئىدى.
شۇڭا ئۇ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى
چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىدۇ. ھەربىر مىنۇتنى قولدىن بەرمەي كىتاب
ئوقۇيدۇ ۋە ھەق - ناھەق قارىشىنى يېتىلدۈرىدۇ.
نۇرى ئوبرازى ئادالەتپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ
ئىپادىسى. نۇرى گىمنازىيىگە كىرىپ ئوقۇش جەريانىدا جەمئىيەت-
نى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ گىمنازىيىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا
ۋەزىيەتتە ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۆزى چوقۇنغان ۋە ھۆر-
مەتلىگەن ئۇستازلىرى كەينى - كەينىدىن نەزەربەند ئاستىغا ئېلى-
نىدۇ، گەرچە ئۇ شېڭ شىسەينىڭ قارا نىيىتىنى تېخى چۈشىنەل-
مىسىمۇ، ئەمما نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەقلىكى ئۈستىدە ئې-
نىق قاراشقا ئىگە بولىدۇ. ئۆتكۈر پىكىرلىك، ئادالەتپەرۋەر، ئىلغار
قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ، سوۋېت قىزىل ھاكىمىيىتىنى ياقلىغۇچى
زىيالىيلارنىڭ ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان بىلىملىك كى-
شىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن تۈرلۈك ناملار بىلەن چېتىلىپ قې-
لىشى، ئۇنىڭدا گۇمان پەيدا قىلىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ ناھەق-
چىلىق ئۈچۈن ئاشكارا قارشىلىق بىلدۈرىدۇ.شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ
باشقىلارنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈشلىرىگە ۋە ئەت-
راپىدا يۈز بېرىۋاتقان ناھەقچىلىكلەرگە چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇ سە-
ۋەبتىن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۆزىمۇ زىيانلىق كۈچ سۈ-
پىتىدە باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ شەخسى-
يەتچى ھەيدەر بىلەن بولغان تىرتۇنۇشتا مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ، نۇ-
رى مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن خەلقنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك
تۇرمۇشىغا تېخىمۇ ئېچىنىدۇ ۋە بۇ خىل زۇلۇمنىڭ مەنبەلىرىنى
چۈشىنىشكە باشلايدۇ، گەرچە ئۇ بىلىم ئىگىلەشكە ئوتتەك ئىش-

تىياق باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن قولىغا قورال ئالدۇ ۋە ئوقۇشتىن ۋاز كېچىدۇ. ئۇ قەتئىي
قىلىپ مۇنداق دەيدۇ :«مەن جېنىمنى ئاتاپ قويدۇم، قىساس ئېلىش
ئۈچۈن، خەلقىمىزنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئون قېتىم
ئۆل دېسىمۇ ياق دېمەيمەن».① ئۇ ئۈچ يىل جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ
قايناملىرىدا پىشىدۇ، كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلاب ئوتى ئۇنى ئۆزىگە
كۈچلۈك جەلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غېنى باتۇرنىڭ كۈچلە-
رى ئىچىگە قېتىلىدۇ.

نۇرى ئاڭلىق سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە مىللىي قەھرى-
مان، ئۇ ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئاڭلىق،
مەقسەتلىك هالدا ئۆز بارلىقىنى ۋە هاياتىنى خەلق دۈشمەنلىرىنى
يوقىتىش ئۈچۈن ئاتىغان قەھرىماندۇر. ئۇ شەھەرگە ئوقۇشقا كىر-
گەندىن كېيىن، كىتاب ئوقۇش بىلەن بىرگە تۈرلۈك تەبىقە كى-
شىلىرى بىلەن ئارىلىشىش جەريانىدا جەمئىيەتتىكى ناھەقچى-
لىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ۋە ئۆزى ئوقۇغان نەزەرىيىۋى
بىلىملىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ
يولى ئوقۇشتا ئەمەس، مۇھىمى هاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ئىكەن-
لىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە ئىككىلەنمەي قولىغا قورال
ئېلىپ ئىنقىلابقا قاتنىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈش تارىخىدا روسۇ-
لوف، رەخىمجان قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار، ئەخمەتجان
قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئاباسوف قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئاكتىپ
تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئۆزى تاللىغان يولىنى ۋە ئاقىۋىتىنى چۈشىنىپ
يېتىدۇ، باشقىلارنىڭ كۆزقاراش ۋە پىكىرلىرىنى ئۆزىگە خاس قا-

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،
290 ـ بەت.



راش ۋە ئەقىدىسى بىلەن مۇلاھىزە قىلالايدۇ، ئۆزى دۇچ كەلگەن
قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىر تاپالايدۇ، ئۇ
«دۇنيادا فاشىزم يوقالغۇچە بىزمۇ گومىنداڭنى قوغلاپ چىقىرىپ
بولىمىز، 1945 ـ يىل دۇنيا ئۈچۈن خاسىيەتلىك، بىز ئۈچۈن تې-
خىمۇ شۇنداق»① دەيدۇ، ئۇ يەنە ئاباسوف بىلەن بولغان بىر قې-
تىملىق سۆھبەتتە تۆۋەندىكىدەك چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.
« ــــ ھەممە ۋەھشىيلىك، ناھەقچىلىك ۋە ھەرخىل زۇلۇم، كۈل-
پەتلەرنىڭ مەنبەسى ھاكىمىيەت، ــــ دېدى ئۇ ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا
تۇنۇگۈن كەچ، ــــ جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ھاكىمىيەتكە باغلىق.
بىز خەلق قوللايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئى-
تىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلى-
شىمىز كېرەك!»② بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئاڭلىق ئىن-
قىلابچى ۋە سىياسىئون.

نۇرى ئوبرازى كۈرەش ئىچىدە تاۋلانغان يېڭىلمەس باتۇرنىڭ
ئوبرازى. ئۇ كۈرەش ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇن قىيىن-
چىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھېچنېمە تەۋ-
رىتەلمەيدۇ، ھەرەمباغ، لياڭشاڭ، ئايرودروم، شىخونى ئازاد قىلىش
ئۇرۇشلىرىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ، كۈرەش ئىچىدە ئەڭ جاپالىق
جايلارنى تاللايدۇ، ئۇ بۇ ئىشنى مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر دەپ
قارايدۇ. ئاپتور نۇرىنىڭ باتۇر خاراكتېرىنى ۋە ئىنقىلابقا ئۆزىنى
ئاتاش روھىنى ئۇنىڭ ئۇرۇش ئوتلىرى قايناپ تۇرغان جاپالىق جەڭ
مەيدانلىرى بىلەن تىنچ ـ باياشات تۇرمۇش، خەتەرسىز تۇرمۇش
مۇھىتى ئۈستىدىكى پوزىتسىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېچىپ

①② «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى،
741 ـ ، 1038 ـ بەت.

بېرىدۇ. گەرچە ئۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇش مەيدانىدىن ئايرىلىپ ياخشى شارائىتلاردا ئوقۇش، غەمسىز ياشاش، ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇش پۇرسەتلىرى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ جەڭ مەيدانىنى تاللايدۇ. مەسىلەن، ئۈچ يىللىق جاپالىق قېچىپ يۈرۈشتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە دادىسى بىلەن بىرگە بولىدۇ. بىراق ئۇ بۇ راھەتتىن ۋاز كېچىدۇ، ئاپتور نۇرىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى خىيالىنى مۇنداق يازىدۇ:

«نۇرىنىڭ بۇ ئۆيدىن زادىلا كەتكۇسى يوق، لېكىن چوڭ ئىشلار ئۇنى چىللىماقتا. 1944 ـ يىلىنىڭ خەيرلىك بىر يىل بولۇشىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. ۋەزىيەت ئۇنى ئۆگەيلىمىسىلا»① ئۇ يەنە ۋەتەن سۆيەر جەڭچى بولۇش سۈپىتى بىلەن باي قىزى زەينۇنەنىڭ تەلەپلىرىگە، قىزنىڭ دادىسىنىڭ چەت ئەلگە چىقىرىپ ئوقۇتۇش ئارزۇسىغا ۋە باشقىلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلىپ بۆلۇمدە خىزمەت قىلىش تەكلىپلىرىگە قوشۇلمايدۇ.

دېمەك، نۇرى ئوبرازى ئاپتور تەرىپىدىن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەنگەن ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار پىكىر، مەدەنىيەت؛ ئىلگىرىلەش ۋە مىللىي خاراكتېرگە ۋە ئاپتورنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان، دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرالايدىغان مىللىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىدۇر. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مىللەتنىڭ قىزغىن، سەممىي، ساددا خاراكتېرى بولۇش بىلەن بىرگە، دەۋر يېتىلدۈرگەن سىياسى ئاڭلىقلىق، بىلىم، قابىلىيەت ۋە خەلقنىڭ قەھرىمانلىقى مۇجەسسەملەشكەن.

مۇختەر باي ئوبرازى: ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئىچىدە يەنە ئالاھىدە روشەنلىككە ئىگە بولغان پېرسوناژ مۇختەر باي ئوبرازىدۇر.

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 734 ـ بەت.



مۇختەر باي ئەسەردىكى بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ بولۇپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى بىزگە ئاپتورنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەشتىكى ماھارەتلىك يازغۇچى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدۇردى. روسىيە يازغۇچىسى لېف تولستوي «بەدىئىي ئەسەرلەرنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. ئوخشاشلا بىر ئادەم، ئەمما ئۇ بەزىدە بىر ئەبلەخ، بەزىدە پەرىشتە، بەزىدە دانا، بەزىدە كالۋا، بەزىدە كۈچتۈڭگۈر، بەزىدە ئاجىز بەندە بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئىدى. مۇختەر باي ئەنە شۇنداق يۇمىلاق پېرسوناژدۇر. مۇختەر باي ئالدى بىلەن بىر قەدەر تار بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ئىگە، ئۆزۈمچىل ئادەم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى، يۇرتۋازلىق ۋە باشقىلارنى كەمسىتىشتىن ئىبارەت. ئۇ 92 تۇتۇنلۇك بۇ يېزىنىڭ ئەڭ چوڭ بېيى ۋە زوراۋىنى، ئۇنىڭغا ھېچكىم قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدۇ، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مەھەللىنىڭ مۆتىۋىرى بولغان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئەدىپىنى بېرىش بىلەن بىرگە مەيدانغا چىقىدۇ.

« — مەن ئوقۇيالايمەن لېكىن يازالمايمەن، — دېدى ئىمام مەيۇسلىنىپ، — قەغەزمۇ، قېرىنداشمۇ يوق.

— سىزدە نېمە بار، سىز نېمىمۇ قىلالايسىز، ئىمام ئاخۇنۇم، تۆت خولوق ۋەخپە يەرنى تېرىپ بېرىمىز، دۆۋە قىلىپ ئوروپ بېرىمىز، خامانغا ئەكىلىپ غارام قىلىپ بېسىپمۇ بېرىمىز، سىز شۇنىمۇ قارغا مىلەپ ئاران ئالىسىز، قۇشناچىمىنىڭ قولى

تەگمىسە، ئۇمۇ يوق تېخى.»①
مانا بۇ مۇختەر باينىڭ مەھەللىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئۆلىـ-
ماسى بولغان ئىمامغا قىلغان سۆزى. ئاپتور يەنە مۇنداق يازىدۇ، ناۋادا
ئۆز تارانچىلىرىدىن ـ ئەلھەمدۇ بىلەن قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەدتىن باشقا
بىر قانچە ئوشۇق سۈرىنى بىلىدىغان بىرسى چىقسا ئىدى، ئۇ بۇ
قاشقالىقنى مەھەللىدىن ھەيدىۋەتتى. مۇختەر باي ئۆز مەھەللـ-
سىدىن كۈچلۈك پەخىرلىنىدۇ، ئۇ ھەرقانداق ئىشتا مەھەللىسىـ-
نىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن ياقا يىرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ
مەھەللىسى ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، ئورما ئورۇش قاتارلىق
ئىشلاردا يېڭىلىپ قالسا، بىر نەچچە كۈنگىچە تاماق يېمەي ئورۇقـ-
لاپ كېتىدۇ. مۇختەر باي يەنە قوپال، تەكەببۇر، ئەمما يۇمۇرلۇق
خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژ، مۇختەر باي ئادەتتە ھەرىكەت ۋە سۆزـ-
لىرىدە قوپال سۆزلەرنى ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ. لېكىن
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ھېچنېمىدىن غېمى يوق بىغەم ئادەمدەك
تۆت ئادەم توپلاشقان يەردە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ يۇمۇر
سۆزلەشتەك ئويۇننى باشلايدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئوغرى ۋەقەسى ئۈچۈن
توپلانغانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئىمام ئاخۇنۇمنى: ــ سىلىگە
قويۇپ بەرسەم قوتاندىكى كالام قىسىر قالدى، قانداق قىلىمەن دەپ
ئەرز يازىدىلا، ئىمام ئاخۇنۇم، ــ دەپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ ۋە:ــ
ھە، قېنى رېھىم توغاي سايرا، ــ سۇلتان پالاس، ــ نادىر بويـ-
ناق، ــ تۇرسۇن قانجۇق دېگەن سۆزلەرنى ئارقا ـ ئارقىسىدىن چىـ-
قىرىدۇ. مۇختەر باي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزـ-
گەرگەن مۇرەككەپ پېرسوناژ. مۇختەر باينىڭ خاراكتېرىدىكى يۇـ-

① «ئانا يۇرت» رومانى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 5 ـ
بەت.



قىرىقى تەرەپلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا
نىسپىي ھالدا ساقلىنىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ. ئىنقىلاب بورانلىرىنىڭ بۇ
كىچىك خىلۋەت يېزىغا يېتىپ كېلىشى مۇختەر باينىڭ خاراكـ-
تېرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ھەق ـ
ناھەقنى ئانچە ئايرىمايدىغان تەرەپ بىلەن مەنمەنچىلىك خاراكتېرى
ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ئۇ مەھەللىسىگە زىياۋۇدۇننى
تۇتقىلى چىققان يايىلارغا ئېتىلىپ قارشىلىق كۆرسەتسە، كېيىن
ناھەقچىلىقتا ئۆچرىغان خەنزۇ ئايال ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ،
گەرچە ئۇ ئىنقىلابنىڭ زادى نېمە، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىـ-
سىمۇ، ئەمما گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زۇلۇمىنى يوقىتىـ-
شىنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇ باشقىلارنىڭ توسۇشىغا قارىماي قولىغا
قورال ئېلىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ، شۇنىڭدەك قورقۇمسىزلىقى ۋە
تەۋەككۈلچىلىكى بىلەن جەڭدە نەتىجە قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىـ-
شىدە ئۇنىڭ يېزىسىدىن ئايرىلىپ جاپالىق مۇھىتلاردا تەمتىرەپ
يۈرۈشلىرى، باشقىلار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى مۇھىم رول
ئوينايدۇ. ئۇ كۈرەش ئىچىدە تاۋلىنىدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۆرەڭ،
يۇرتۋازلىق خاراكتېرى ئۆزگىرىپ ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىغان
ۋەتەنپەرۋەر شەخسكە ئايلىنىدۇ. ئۇ جاللات شېڭ شىسەينىڭ زۇلۇـ-
مىنى چۈشەنگەنسېرى ئىنقىلابچىلارنى قىزغىن قوللايدۇ ۋە ئىشـ-
تىراك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ «خەلق نېمە كويدا، سەن مۇختەر نېمە
كويدا» دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويىدۇ، ئۇ يەنە تۈرمىدە ئەخمەتجان
قاسىمى قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئادەتتىكى
ئۆزىنىڭ يۇرتىنىلا ياخشى كۆرىدىغان قاراشلىرىدىن ئىلگىرىلەيدۇ،
ئۇ ئىنقىلابقا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ قارامىلارنىڭ
زورلۇقىنى كۆرگەندە ئىككىلەنمەي ئارىلىشىدۇ.

« باتۇر بولساڭ چېرىكنى چاپ، قېرى خوتۇندا نېمە گۇناھ دەپ ۋارقىرىدى، ئاشۇ بىگۇناھ خوتۇنلار چېپىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يادىغا تۇيۇقسىزلا تۇرمىدە ئۆتكەن كۈنلىرى، ئەخمەتجاننىڭ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئېزىلىۋاتىدۇ» دېگەن گەپلىرى كەلدى.

مۇختەر باي خاراكتېرىدە يەنە تەۋەككۇلچىلىك ۋە قورقماسلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكمۇ بار، ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئۇياق-بۇيىقىنى ئويلىماي ئات سېلىپ ئالدىغا ماڭىدۇ، مۇز داۋاندىن جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. زىياۋۇدۇننى تۇتماقچى بولغان چېرىكلەرنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن تىللايدۇ. مۇختەر باينىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئۇنىڭ جەڭلەردە كۆرسەتكەن قىزغىنلىقى، ئابباسوفنىڭ سۆزلىرىگە يۈرەكلىك ھالدا رەددىيە بېرىپ، جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلمىغانلىقى قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جەڭدە تەشەببۇسكارلىق بىلەن چارلاش، ئالدىدا مېڭىش ۋەزىپىسىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە خىزمەت كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مۇختەر باي خاراكتېرى خىلمۇخىل، زىددىيەتلىك جەرياندا تەرەققىي قىلغان مىللىي قەھرىماننىڭ ئوبرازىدۇر.



# ئونىنچى
# زوردۇن سابىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا

ئۇسلۇب يازغۇچىنىڭ تەبىئىتى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر. ئۆزىگە خاس تەبىئەتكە ۋە ئۇنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغان يازغۇچى ئۇسلۇب يارىتالمايدۇ. ئۇسلۇب يازغانلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ يازغۇچىدىن تۇرمۇشقا بولغان مۇستەقىل قاراشنى، ئېنىق ئىجادىيەت مەقسىتىگە، ئۆزىگە خاس غايە، ئىستەككە ۋە پىشقان بەدىئىي ماھارەتكە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. زوردۇن سابىر پۈتكۈل ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتتى. تۇرمۇشقا كۈچلۈك مۇھەببەت باغلىدى. ئۆز ئەقىدىسىدىن يانمىدى، دەۋرگە، مىللەتكە ۋە ئۆز ھېسسىياتىغا سادىق بولالىدى ۋە قەلىمىگە سىڭدۈرۈپ ئىپادىلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېما، ئىدىيە، پېرسوناژ، تىل، قۇرۇلما جەھەتتىن جىپسىلەشكەن بەدىئىي بىرلىكتە ئۆزگىچە يارقىن ئۇسلۇب بىلەن نامايان بولدى.

ساددا دولقۇنلۇق كەيپىيات بىلەن لىرىك تۇيغۇدا ئىپادىلەنگەن پاساھەتلىك تۇس زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىدىكى خاسلىقتۇر. ئاپتورنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئامىللاردىن شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ:

**1. ئاپتور پۇتكۇل ئىجادىيىتىدە ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ سادا، ئەمما دولقۇنلۇق پۇرىقىنى ئەڭ جانلىق ئىپادىلىگەن يازغۇچىدۇر**

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانلار تۇرمۇ-
شىغا بېغىشلانغان بولۇپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلى-
رىنىڭ قىياپىتىنى، ئۆزگىرىشلىرىنى، دېھقان ھاياتىنىڭ رەڭدار
ئەمما سادا مەنزىرىلىرىنى ئىنتايىن كەڭ ۋە پۇختا تەسۋىرلىدى.
بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
دەۋرىدىكى قىياپىتىدىن تارتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش،
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋە ئىسلاھات دەۋرلىرىگىچە بولغان يىل-
لاردىكى ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە بولغان ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى
تاپالايمىز.

ئاپتور بۇ يىللاردىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرنىڭ يېزىلاردىكى
تەسىرىنى، دېھقانلىنىڭ ئازابلىرىنى، ئەمگەك ــ ئەجىردىن تاپقان خۇ-
شاللىقىنى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىدىكى مۇھەببەت ــ نەپرەت،
ئۈمىد ــ ئارزۇ، تېڭىرقاشلىرىنى ئىنتايىن سەمىمىي ۋە چىنلىق
بىلەن تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ «كومبايىن»، «باھار بوۋاينىڭ كۈنلى-
رى»، «ئەپۇ»، «قەرزدار»، «دولان ياشلىرى»، «ئامەت»، «قوشنىلار»،
«چايخورلار»، «بوش كەلمە تۇرپانلىق»، «خىيال ۋە سايە»، «ئېھ!
توپىلىق يول»، «خەيرلىك ئىش»، «كاككۇك كېلىپ قونغاندا»،
«سەھەردە كۆرگەن چۈش»، «سۇبھى»، «ۋاپادارلىق»، «ئاۋرال شامال-
لىرى» قاتارلىق ئەسەرلىرى دېھقان ھاياتىنى ئوخشىمىغان تەرەپ-
لەردىن سۈرەتلىگەن نادىر ئەسەرلەردۇر. ئۇ دېھقان تۇرمۇشىنى ياز-
دى. ئەمما دېھقان ھاياتىنى خۇددى سۈتتەك ئېنىق بولغان مىللىي
پۇراق بىلەن يورۇتتى، ئۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەشتە كى-
يىم ــ كېچەك، مىللىي ئۆرپ ــ ئادەت، ئۆي ــ ئىمارەت قاتارلىق
تاشقى ئامىللار ئۈستىدىكى تەسۋىردىلا ئەمەس، مۇھىمى پېرسوناژلار



خاراكتېرىدىكى مىللىي روھنى جانلىق سۈرەتلەش ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

«ــــ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنىمگە ئوتتۇز ئۈچ
يىل بولۇپ قالدى. يەنە بىلىپ قوي مەن مۇشۇ ناخشا ــ ئۇسسۇلنى
دوست تۇتۇپ يەنە ئوتتۇز ئۈچ يىل ياشىيالايمەن. ئۆلگەندە نامىزىمغا
10 ئۆستەڭلىك يەرنىڭ ئادىمى كېلىدۇ. سەن شۇ چاغدا مەتيانى
تىللىغان ئاغزىڭغا كاچات ئۈرىسەن بالا.»① مانا بۇ ھاياتنىڭ قىم-
مىتىنى ناخشا ــ ئۇسسۇل ۋە ئەقىدە بىلەن ئۆلچەيدىغان دېھقاندۇر.

«ــــ مەن ئۇلارغا ئۈزۈم ساتماقچى ئەمەس، ـــ دېدى، نىياز خاپا
ھالدا، ـــ ئۈزۈملىرىم سېسىپ كەتسىمۇ ئۇلارغا ساتمايمەن، ئۇلار
بىلەن تۆت ئېغىز گەپ قىلىشىپ ئالسامىلا بولدى.»② بۇ سادda،
ھەق ــ ناھەق ئالدىدا چىداپ تۇرالمايدىغان، تۆت ئېغىز سەمىمىي
سۆزنى، ئادىمىيلىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغان ئۇيغۇردۇر.
ئاپتورنىڭ مىللىي روھنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى مۇنداق ماھارىتى
بىزنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، دېھقان تۇرمۇشىنى ۋە
مىللىي روھنى قېزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچى زوردۇن
سابىرلا ئەمەس. يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرمۇ بۇ جەھەتتە ئۇسلۇب يا-
راتقان يازغۇچى. بىراق بۇ ئىككى يازغۇچىنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىنى
كۆزىتىشتىكى نۇقتىلىرى ئوخشىمايدۇ. ئەختەم ئۆمەر دېھقان
تۇرمۇشىدىكى ساددىلىق، رايىشلىق ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان
تراگېدىيىلىك ئامىللارغا كۆپرەك دىققەت قىلدى. مىللىي پىسى-
خىكىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى كۆپرەك ئىپادىلىدى. زوردۇن سابىر
بولسا ئۇيغۇر خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي تەرىپى بولغان ساددىلىق، ئاق

① زوردۇن سابىر: «دولان ياشلىرى»، «شەبنەم ھېكايىلەر» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ــ يىل نەشرى، 189 ــ بەت.

② زوردۇن سابىر: «بوش كەلمە تۇرپانلىق»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» توپلىمى.

كۆڭۈللۈك، كەچۈرۈمچانلىق ۋە ئوتتەك قىزغىنلىقنى مۇئەييەنـ
لەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقى قىلدى. باشتىن ـ ئاخىر ئۆز
مىللىتىنىڭ خاراكتېرىدىكى ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئىنسان تەبىـ
ئىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتتى ۋە ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرى
پايدا ئالسىمۇ، زىيان تارتسىمۇ، خۇشاللىق ياكى خورلىنىشلاردىـ
مۇ، بايلىق ياكى گادايلىق ئىچىدىمۇ خۇددى توپا ئاستىدىكى ئالـ
تۇندەك ئىنسانىي پەزىلەتلىرى بىلەن كۆلۈمسىرەيدىغان كىشىـ
لەردۇر. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەيۋەتلىك سۆلەتلەر ئىچىدە
ھەرىكەت قىلىدىغان ئالىيجانابلارنى ئەمەس، بەلكى يالاڭ ئاياغ،
ئەسكى چاپان، توپا ۋە تەر پۇراقلىرى ئىچىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ
ياشاۋاتقان، ئەمگەكچانلىق، قانائەت ۋە ئادىمىيلىكنى تۇرمۇش مىزانى
قىلىدىغان ساددا، ئەمما سۆيۈملۈك كىشىلەرنى كۆرىمىز.
«ــــ يەرلا بولسا بىر ئامال قىلغىلى بولار. يامان يەر يوق،
يامان ئەر بار، ـــدېدى ناسۋال چېكىۋالغان بوۋاي گەپكە ئارىلاـ
شىپ.»
مانا بۇ ئەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆلچەيدىغان دېھقانچە ھېسسىيات.
ئۇنىڭ بۇ خىل ئېستېتىك غايىۋىلىككە تويۇنغان پېرسوناژلىرى
ئۇنىڭ دەسلەپتىكى يازغان «ئاۋرال شاماللىرى» رومانىدىن تارتىپ
ئاخىرقى ئەسىرى «ئانا يۇرت» قىچە سىڭگەن. بۇ زوردۇن سابىرنىڭ
ئۆز خەلقىگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى... ( ھاياتلىق دېگەن ساپـ
لىق ۋە ساداقەتنى ئىزدەش بولسا كېرەك) دەيدىغان تۇرمۇش ئەقىـ
دىسى ۋە «مەن مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى يازغاندىن كۆرە كىشىـ
لەرنى تۇرمۇشقا ئۈندەيدىغان ئامىللارنى كۆپرەك يېزىشنى خالايمەن.
چۈنكى مىللىتىمىز ئىلھاملاندۇرۇشقا موھتاج. (زوردۇن سابىرنىڭ
ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىغا



سۆزلىگەن لېكسىيىسىدىن) دەيدىغان ئىجادىيەت مەقسىتىدىن
كەلگەن. ئاپتور ئۆز مىللىتىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى
پېرسوناژلىرىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىـ
لىشلىرىنى ئىپادىلىدى.
تېما ۋە ئاددىي كىشىلەر ئوبرازى ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا
ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەسەرنى ساددا، يېقىمـ
لىق كەيپىياتقا ئىگە قىلغان بولسا، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى
ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئالىيجانابلىق، مەردلىك، ئۈمىدـ
ۋارلىق ۋە گۈزەللىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنسان مەڭگۈ ئىنتىلىـ
دىغان غايىۋى مۇھىتنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئەسەرلىرىدە ئادـ
دىي ـ ساددىلىق ئىچىدە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك ۋە مەردانىلىقتۇر.

**2. پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ توقۇنۇشلار ئىچىدە يارىتىش زوردۇن سابىرنىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن ئەڭ گەۋدىلىك تەرەپ**

زوردۇن سابىر يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلىك پېرسوناژلار ئوبرازدىـ
نى يارىتىشنى ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي تەرەپ قىلغان بولسىمۇ،
ئەمما ئاددىيلاشتۇرۇش يولىنى تۇتمىدى. ئەكسىچە پېرسوناژلارنى
مۇرەككەپ توقۇنۇشلار ئىچىدە ھەرىكەت قىلدۇردى. بولۇپمۇ خاراكـ
تېر توقۇنۇشى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئوڭ ـ تەتۈرىنى كۆرسىـ
تىش ئۇنىڭ ئىزچىللىقى بولدى. مەسىلەن: «قەرزدار» دىكى تۇرغان
لېۋىر بىلەن بەرىز، «قوشنىلار» دىكى سالى بىلەن جامى، «خەيرـ
لىك ئىش» تىكى ھەمدۇل بوۋاي بىلەن روسۇل، «ئىزدىنىش» تىكى
ئەلا بىلەن رەقىب، «بوش كەلمە تۇرپانلىق» تىكى نىياز بىلەن ياـ
قۇپ، «ئارچا ياپرىقى» دىكى ئەلى بىلەن كامىلجان قاتارلىقلار ئەنە
شۇنداق قارىمۇقارشى توقۇنۇشتا تۇرۇپ ئىنسان خاراكتېرىدىكى

ئوخشىمىغان تەرەپلەرنى جانلىق يورۇتقان پېرسوناژلاردۇر. ئاپتور-
نىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مۇنداق باي خاراكتېر تەسۋىرلىرى ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىدە خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىك، چىنلىق بىلەن ساختى-
لىق، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك ئايرىلىشىپ كەتكەن سې-
لىشتۇرما ھالەتنى ھاسىل قىلىپ، ئەسەرلىرىگە كۈچلۈك دولقۇن-
لۇق كەيپىيات بېغىشلايدۇ. يەنى ساداقەت خىيانەت ئىچىدە تاۋلى-
نىدۇ. مۇھەببەت ۋاپاسىزلىق ئىچىدە پارلايدۇ. ئالىيجانابلىق پەس-
كەشلىك بىلەن ئېلىشىشتا كامالەتكە يېتىدۇ. «ئانا يۇرت» تىكى
نۇرى، «ئىزدىنىش» تىكى ئەلا، «سۇبھى» دىكى ئەسئەت، راھەت،
سۇبھى قاتارلىقلار جاھالەت ۋە جاراھەت بىلەن تولغان يىللارنىڭ
ئىسكەنجىلىرى ئىچىدە تاۋلىنىپ ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن كۈرەش
قىلغان ۋەتەنپەرۋەر، بىلىم سۆيەر كىشىلەر بولسا، «ئامەت» دىكى
بېشىر، «قوشنىلار» دىكى سالى، «قەرزدار» دىكى تۇرغان لېۋىر،
«خەزىنە» دىكى ئەھمىدى تۇرمۇشىمىزدىكى تۇرلۇك رەزىللىك ۋە
پەسكەشلىك بىلەن بولغان ئېلىشىشتا نۇرلانغان ئاق كۆڭۈل، ئەم-
گەكچان، مەرد كىشىلەرنىڭ تىپىدۇر.

دېمەك، پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ توقۇنۇشلار ئىچىدە قويۇش
ۋە ئاساسىي پېرسوناژنىڭ خاراكتېرى ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈلگەن مەردلىك ۋە گۈزەللىك ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كۈچلۈك رى-
تىمدارلىققا، جەلپكارلىققا ۋە غايىۋىلىككە ئىگە قىلىدۇ.

**3. زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تەسۋىرنىڭ ئىنچىكە،
نازۇك، ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۇنىڭ ئەسەرلىگە كۈچلۈك
لىرىكلىق كەيپىيات ئاتا قىلدى**

داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشتە ئۆزىگە
خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بەزى يازغۇچىلار روھىي دۇنيانى



تەسۋىرلەش بىلەن داڭق چىقارسا، بەزىلىرى ھەرىكەت پورترېت ياكى
باشقا تەرەپلەر بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. زوردۇن سابىر پېر-
سوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا پورترېت تەسۋىرى بىلەن تىل
تەسۋىرىدە ئالاھىدىدۇر.

ئاپتورنىڭ تەسۋىرلىرى ئىنچىكە ۋە نازۇك. ئۇ ئۇيغۇر تىلى-
نىڭ قۇدرىتىدىن پايدىلىنىپ پېرسوناژلىرىنى ئىچى ۋە تېشىدىن
ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتورنىڭ پورترېت تەسۋىرى ئىككى
خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىرى خاراكتېرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن
بېرىلگەن تەسۋىر. يەنە بىرى خاراكتېرنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە
پېرسوناژلارنىڭ گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان
تەسۋىر. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئالدىنقى خىل تەسۋىر ئاساسىي ئو-
رۇندا تۇرىدۇ. ئۇ پېرسوناژلىرىنىڭ جىرايىدىكى كۆپ خىل ئۆز-
گىرىشلەرنى بىرىكتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ،
ئۇلارنىڭ مۇھىتقا قايتۇرغان ئىنكاسىنى تەبىئىي ئىپادىلەيدۇ.
«ئايۇپنىڭ كۆتمەك بۇرۇتلىرى لىپىلداپ كەتتى. قويۇق قاشلىرى
ھۆرپىيىپ، كۆزلىرىدە بىردىنلا قىزىل يىپلار پەيدا بولدى».① بۇ
تەسۋىردە زەردىسى بار ئەرنىڭ شۇ مۇھىتتىكى روھىي دۇنياسى
جانلىق ئىپادىلەنگەن.

«تىزىغا كېلىدىغان سارغۇچ كۆڭلىكى، سۇغا چىلانغاندەك
ھۆل، تىزىغىچە تۇرۇكلۇك پۇشقاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بۇقى-
نىڭ ئالدى پۇتىدەك توم، مەزمۇت پاچاقلىرى توپا ـ تەردىن خۇددى
چالا ئۇتلەنگەندەك بولۇپ قالغان. ئوچۇق مەيدىسىدىكى قويۇق يۇڭ
تۆت چاسا يۈزدىكى ساقال ـ بۇرۇتتەك يوغان، قىيغاچ كۆزلىرى

① «تۆھپە»، «شەبنەم» توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ
يىل نەشرى، 44 ـ بەت.

ئۈستىدىكى چوتكىدەك قاشلىرىنى مىدىرلىتىشى ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدە بىر خۇشاللىقنىڭ بۇرگىدەك سەكرەپ يۈرگەنلىكىدىن بېشارەت.»① بىزبۇ تەسۋىردىن مەغرۇر، كەسكىن، ھېسسىياتچان بىر ئادەمنىڭ چىرايىنىلا ئەمەس، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

ئاپتورنىڭ گۈزەللىكنى نامايان قىلىشنى مەقسەت قىلغان تەسۋىرلىرىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ساھىبجامالالار گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەن. ئاپتور بۇ خىل پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە ئىچى ۋە تېشىغىچە ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەيدۇ. بىز بۇ يەردە ئاپتورنىڭ گۈزەلئاي، سەبىخە، زەيتۇنە، ئەلا، گۈلسارە قاتارلىق پېرسوناژلار ئۈستىدىكى تەسۋىرلىرىنى ئەسلىسەكلا كۇپايە. ئاپتورنىڭ مۇنداق تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرى دەسلەپتىكى بەزى ئوبزورلاردا تەنقىدلەندى. مېنىڭچە بۇ تەرەپ ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى كەمچىللىك ئەمەس. ئەلۋەتتە ھەر خىل ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ تەسۋىرگە بولغان قارىشى ۋە تەلىپى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما رېئالىستىك ئەدەبىيات پورترېتنى تولۇق تەسۋىرلەشنى چەتكە قاقمايدۇ. گەپ شۇ يەردىكى مۇنداق تەسۋىرنىڭ قىممىتى پېرسوناژلار خاراكتېرگە ماسلاشقان، ماسلاشمىغانلىقى چىراي ئارقىلىق روھنى ئاچالىغان - ئاچالمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. زوردۇن سابىرنىڭ بۇخىل پورترېت تەسۋىرلىرى ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى يېقىملىق ناخشىدەك قەلبىمىزگە گۈزەللىك ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.

ئاپتورنىڭ پېرسوناژلار خاراكتېرنى سۈرەتلەشتە پورترېت تەسۋىرلىرىدىن باشقا ئىندىۋىدۇئاللاشقان تىل ئارقىلىق خاراكتېر

① زوردۇن سابىر: «چايخورلار»، «قەرزدار» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 501 - بەت.



يارىتىش ماھارىتىمۇ ئاجايىپتۇر. ئاپتورنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىنى دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان يازغۇچىلار قاتارىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز. ئاپتور تىلدىن پايدىلىنىپ ئومۇمىي مەنىلەرنى باغلاپ، سۇژىتنى راۋاجلاندۇرۇشتا دىئالوگدىن ئىبارەت ئىخچام قورۇلمىدىن پايدىلانغان، پېرسوناژلار تىلىنى بەرگەندە تىلنى پۇختا ئىشلەپ شۇ پېرسوناژنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغان تىلغا ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن تۆۋەندىكى دىئالوگلارنى كۆرۈپ باقايلى :

« — بىلەزۈكۈڭگە قاراپ، بالىمىكىن دېسەم، سائەت تاقاپسەن، چوڭ بولغان ئوخشىمامسەن؟ — كىنوغىمۇ، مەشرەپكىمۇ بارماي كۈن ئۆتكۈزگىنىڭىزگە قاراپ بوۋاي بولۇپ قالدىمىكىن دېسەم تېخى قىزلارغا زەن قويۇپ يۈرۈپسىز، ياش ئوخشىمامسىز؟

— تولا شىتىلىق قىلما! — دېدى كەنجى قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، — بىردەمدىن كېيىن چىتىنىڭ يېنىغا كەلگىنە، ساڭا بىر مۇھىم گېپىم بار، كېلەمسەن؟

— مۇشۇ يەردە يېرىمىنى بولسىمۇ ئېيتىڭ! — دېدى قىز قولىنى تارتىپ.

— ماقۇل، گەپنىڭ بېشى شۇ، ئۇسسۇل ئويناشنى، ناخشا ئېيتىشنى تاشلايسەن!

— پاھ تېخى، — دېدى قىز يانپىشىغا ئۇرۇپ، — ھېلىمۇ ياخشى كۆزلىرىڭنى ئويۇپ، ماڭا بېرىسەن دېمىدىڭىز، ھا - ھا ، قېنى ئاندىن كېيىنچۇ؟

— قالغىنىنى چىت تۈۋىدە ئاڭلايسەن.

— ھە ئېيتىڭ، — دېدى قىز ئامۇت شېخىدىن پەسكە قاراپ تۇرۇپ...

— تۆۋەن چۈش، ساڭا ۋارقىراپ دەيدىغان گېپىمدى ئۇ.

— ئېيتىڭ، — دېدى قىز، — مۇشۇ شاختا تۇرۇپ قۇشلار-
بىلەن ئاڭلاي.
— شاخ يېرىلىپ بېشىمغا چۈشسىمۇ گەپمۇ لازىم بولمايد-
تى... ئاسىدە...
ساڭا بىر يىگىت ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. لېكىن سېنىڭدىن
ئۇسسۇل ئوينىماسلىقىنى، ناخشا ئېيتماسلىقىنى تەلەپ قىلىدى-
كەن، — دېدى كەنجى گەپنى ئوچۇق قىلىپ. قىز پۈتۈن مەھەللە
ئاڭلىغۇدەك قاقاقلاپ كۈلدى.
— بىلىمەن، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ناخشا
بىلەن ئۇسسۇلنى يامان كۆرىدىغان ئادەم مەھەللىمىزدە يالغۇز بىرلا!
سىز ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭ قىزىققۇچىلىكى يوق، دولان
قىزلىرى ئۇنىڭغا بۇت، دەپ لەقەم قويۇپتۇ، ھا - ھا»①
«— يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ. گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا،
باللار قوتاندىكى قوينى تۈگىتىدۇ، خېنىم! — دېدى.
— قوتاندىكى تۈگىسە، ئېتىزدىكىسى بار ئىكەن، ئېتىزدى-
كىسى تۈگىسە بانكىدىكىسى بار ئىكەن، ۋايىيەي! — دېدى گۈلئاي-
شەم. باللار خۇشال بولۇشتى. ئەمما روزەك قولىنىڭ كەينى بىلەن
ئاغزىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى»②
«— ئوغلۇڭغا دە، قويۇۋەتسۇن! — دېدى جامى ئايالىغا.
— ئالمايمەن دېسە زورلاپ ئېلىپ بەردىڭىز، ئەمدى بالىنىڭ
بۇ خوتۇنغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى ئايالى.
— نېمە كۆڭۈلكەن ئۇ؟ — دېدى جامى خاپا بولۇپ، — پۇل

① «دولان ياشلىرى»، «شەبنەم» ھېكايىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى، 183 - بەت.

② زوردۇن سابىر: «ئېھ! توپىلىق يوللار»، «جىگدىلەر پىچىرلايدۇ» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 6 - ، 7 - بەتلەر.



تاپمايدىغان ئادەمگە چۈشىدىغان قانداق سارالڭ كۆڭۈلكەن؟» ①
يۇقىرىدىكى دىئالوگلاردىن ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلار-
نىڭ چىراي ھەرىكىتى ۋە ھېسسىياتىنى تولۇق ھېس قىلالايمىز.
بۇ تىللار ھەم مىللىيلىككە ھەم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەم شۇ
پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە تىلدۇر. مۇنداق دىئالوگ شەكلى ئار-
قىلىق خاراكتېر يارىتىش ئىجادىيەتتىكى ئەڭ قىيىن ئۇسۇللار-
نىڭ بىرى. چۈنكى تىل ئۆز خاسىيىتىدىن ئېيتقاندا ئومۇمىيلىق
خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئىچكى دۇنيادىكى يوشۇرۇنلۇقنى تىل
بىلەن پېرسوناژنىڭ ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش بىر قەدەر يۇقى-
رى ماھارەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
زوردۇن سابىرنىڭ تىلى ھېسسىياتقا باي بولۇپ، ھېسسىيات-
لىق قىسقا جۈملىلەر ئارقىلىق كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ
قەلىمى ئاستىدىكى ھەربىر دىئالوگ، ھەربىر دېتال تەسۋىرلىرىمۇ
قويۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ھەر
بىر قەدىمىدە ھېسسىيات تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.
«ئېھ، قانائەتچان دېھقان تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى بىرلا خا-
تىرجەملىك دەپ قارايدىغان ساددا ئادەم، بۇدۇنيادا ئىنسان بەھرىمەن
بولۇشقا تېگىشلىك راھەت - پاراغەتنىڭ تۈرلىرى نەچچە مىڭ،
نەچچە مىڭ، سېنىڭ مۇنۇ پاكار جىگدىلەر ئارقىسىدا مۇساپىر
مومايدەك مۈكچىيىپ تۇرغان پاكار قاراڭغۇ ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن
نەچچە مىڭ خىلنىڭ بىرەرسى يولاپ قويمايدۇ؟» ②
ئاددىي، سەلتەنەتلىرى يوق بۇ جۈملىلەردە خاراكتېر ۋە

① «قوشنىلار»، «ساداقەت» توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى، 123 - بەت.

② زوردۇن سابىر: «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە»، «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» توپلىمى، 270 - بەت.

ھېسسىيات نەقەدەر جانلىق ئىپادىلەنگەن ـ ھە! بۇ جۈملىلەرنى ئو-
قۇغان ئادەم ھەيرانلىق ئىچىدە ئاپتورغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.
دېمەك ئاپتور ئاددىي جۈملىلەرگە ھېسسىياتنى سىڭدۈرەلەيدۇ.

ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىكى لىرىكىلىق ئۇنىڭ رەڭدار تەبىئەت
تەسۋىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبى ئەسەرلەردە تەبىئەت
تەسۋىرى پېرسوناژلارنىڭ پائالىيەت زېمىننى كۆرسىتىش، گۈزەل-
لىك ھاسىل قىلىش، خاراكتېر، كەيپىياتلارنى ئىپادىلەش ۋە رو-
ھىي بېشارەت ھاسىل قىلىش قاتارلىق رولالارنى ئوينايدۇ. ئاپتور
تەبىئەت تەسۋىرىگە ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، تەبىئەتنىڭ رەڭدار ھا-
لىتىنى سىزىپ گۈزەللىك يارىتىش بىلەن بىرگە روھنى تەبىئەت
ئىچىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى نازۇك
داۋالغۇشلىرىنى، ئۆزىنىڭ لىرىك تۇيغۇلىرىنى تەبىئەت تەسۋىر-
لىرگە سىڭدۈرۈپ گۈزەل ناخشىدەك لىرىك تۇس ھاسىل قىلالايدۇ.

«ئۆي جىمجىت، ئۆگزىگە تىنىمسىز ئۇرۇلۇۋاتقان يامغۇر،
تۇيۇقسىز دېرىزە قاقىدىغان ئىزغىرىن شامال بەتنىيەت كۆڭۈلدەك
قاپقارا كېچىنىڭ ئويغاق ۋە سەگەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كا-
مىلجاننى ئەنسىرەتتى.»[1] ئاپتور بۇ تەسۋىر ئارقىلىق كامىلجاد-
نىڭ خىيانەت ۋەسۋەسىسى ئىچىدىكى پاراكەندىچىلىك بىلەن تول-
غان روھىي دۇنياسىنى ناھايىتى جانلىق ئېچىپ بەرگەن. «ئاۋغۇست
ئېيى بۇ تەكلىماكان بىلەن تۇتىشىدىغان قۇرغاق يېزىلارغا ئوتلۇق
ھارارىتى بىلەن خۇشاللىقمۇ ئېلىپ كەلدى. يول بويىدىكى ياپراق-
لارغا قويۇق سېرىق توپا قونغان، خۇددى سوغۇقتا دۈگدىيىپ بىر
پۈتلۈق بولۇۋالغان كۈركە توخۇلارغا ئوخشايدىغان مەجنۇنتاللار؛

[1] «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستى، «ئارچا ياپرىقى» توپلىمى، شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى، 301 ـ بەت.



قومۇشلۇقلار بىلەن ھاياتلىق تالىشىپ چارچىغان، يىراقتىن
خۇددى يەردىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قويۇق ئىسقا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان
جىگدىلەر، شامالسىز تومۇزدا خۇددى ھەيرانلىقتىكى بالىنىڭ
كىرپىكىدەك ھەرىكەتسىز تۇرۇشقان تېرەكلەر بۈگۈن خۇشال. ئۇلار
يازدىن بېرى سېرىق ھال گۈللەرنى قىسقان كېۋەزلىكلەرنىڭ تو-
يىغا كەلگەن مېھمانلاردەك نازاكەتلىك، تارتىنچاق، كېۋەزلەر بولسا
توي ئىگىلىرىنى خۇشال قىلىدىغان كۆنلەرگە تەييارلىنىپ ئاق
بۆرتمە شال سېلىشقان».[1]

بۇ تەسۋىردە ھەم تەبىئەت گۈزەللىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەم
ئاگرانوم دىلدارنىڭ خۇشال كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن. مەنزىرە بىلەن
ھېسسىياتنىڭ بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان مۇنداق تەسۋىرلەر
ئەسەرنى كۈچلۈك دولقۇنلۇق كەيپىيات بىلەن لىرىك تۇيغۇغا ئىگە
قىلغان.

## 4. چوڭقۇر پەلسەپۋىيلىكتىن ھاسىل بولغان لاتاپەت

زوردۇن سابىر ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە باي، چوڭقۇر بولغان
ھېكمەتلەرنى سىڭدۈرۈپ ئۆزىگە خاس مەنىۋى چوڭقۇرلۇق ھاسىل
قىلدى. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا كۆز ئال-
دىمىزغا كۆپنى كۆرگەن، ھاياتقا چوڭقۇر مۇلاھىزە بىلەن قاراۋاتقان
بىر پەيلاسوپنى كەلتۈرىمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى خەلق ماقال ـ
تەمسىللىرى، پېرسوناژلىرىنىڭ خىياللىرى، مەنزىرە تەسۋىرى،
لىرىك چېكىنمە، سوئال ۋە تەبىر، بىۋاسىتە مۇھاكىمە شەكىللى-
رىدە بېرىلگەن ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كەڭ ۋە چوڭ-
قۇرلۇققا ئىگە قىلغان.

[1] «ئۇنتالمايمەن گۈلسارە» توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
1988 ـ يىل نەشرى، 338 ـ بەت.

«هايات بېقىندىلىق يۆلىنىش، بويسۇنۇشلارنى رەت قىلمايدۇ.
لېكىن ھەر قانداق بىر سودىنىڭ پايدا ـ زىيىنى بولغىنىدەك يۇ-
قىرىقى ئاتالمىلار ئىستېمال قىلىنغاندا ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نې-
مىگە ئېرىشىش زۆرۈرغۇ؟ شۇنىڭ ئۇچۇن ئىنسان دەرياەك ھەرد-
كەتچان، قۇم ئۇستىدە ئۆسكەن قومۇشتەك ئۇمىدۋار». ئاپتور هاياتچان-
لىق ۋە ئۇمىد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇستىدە يۇقىرىقىدەك
مۇھاكىمە يۈرگۈزسە، ئىنسان ۋە روھ ئۇستىدە مۇنداق يازىدۇ. «ئۆ-
زىلا بىلىدىغان ئۆمۈر بويى يوشۇرىدىغان رەزىل ئىشلىرى ھەرقانداق
ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ نىس-
بىتىلا ئوخشىمايدۇ، خالاس.»①
ئۇنىڭ مۇھاكىمىلىرى ئۆزگىچە بولۇپ يالاڭ ئاياغ، چۇشى-
نىكسىز، ھەيۋەتلىك سۆزلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىي، جاز-
لىق بولغان كۆرۈنۈشلەر، مەنزىرىلەر ئىچىدە ئىپادىلەنگەن.
«ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەقىدە، ئارزۇسى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ
ياستۇقى بىر بولىۋېرىدۇ. بۇ نەچچە مىڭ يىللىق چىناردەك يىل-
تىزى چوڭقۇر شاخلاۋاتقان بىر ئادەت.»②
قاراڭ، بۇ مۇھاكىمىلەردە ئوبرازمۇ، ھېسسىياتمۇ بار. بۇ
قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندا بىز ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە
بولىمىز. زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى مانا مۇشۇنداق قوللاردىن
چۇشمەي ئوقۇلۇۋاتقان، كىشىلەرگە چەكسىز لەززەت بېغىشلاۋاتقان،
دۇردانىلىرى بىلەن زېمىنىمىزنى تويۇندۇرۇپ ئىشەنچ، پەزىلەت

① «قۇياش ۋەھىمىسى»، «قەرزدار» توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆس-
مۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىل نەشرى، 556 ـ بەت.
② «تارىم سۇيى كەينىگە ئاقمايدۇ»، تارىم ژۇرنىلى، 1987 ـ يىل 3 ـ
سان، 13 ـ بەت.



بېغىشلاۋاتقان ئېسىل ئابىدىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.
ئاپتور كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى ئۇلۇشۇڭگە ئىشەنگەندەك،
بىر كۈنى بەخت ۋە شان ـ شەرەپنىڭ قولۇڭغا كېلىشىگىمۇ ئى-
شىنىشىڭ كېرەك، دېگەن ئىدى. ئاپتور سەنئەتكە ئەجىر سىڭدۇرۇپ
بۇ ئەقىدىسىنى ئاقلىدى. شۇنداق، بەخت ئەجىر، پاك قەلبىنىڭ،
سۆيگۈنىڭ مېۋىسى، سۆيۈملۈك يازغۇچى زوردۇن سابىر سىز بەل
باغلىغان ئىشنى قىلدىڭىز. بەخت ۋە شان ـ شەرەپ سىزگە مەن-
سۇپ.

# زوردۇن سابىر ئەسەرلىرىنىڭ كاتالوگى

| № | ئەسەر نامى | ژانىر | مەتبۇئات | ئېلان قىلىنغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | تاغ كەينىگە ئۆتكۈچە | ھېكايە | شىنجاڭ گېزىتى | 1971 ـ يىل |
| 2 | سەھەرچى | ھېكايە | | 1972 ـ يىل |
| 3 | سىرداش قەلبلەر | ھېكايە | ئىلى گېزىتى | 1972 ـ يىل |
| 4 | 3 ـ سىنىپنى ئەمدى تۈگەتتىم | ھېكايە | ئىلى گېزىتى | 1972 ـ يىل |
| 5 | دوستۇمنىڭ تارىخى | ھېكايە | شىنجاڭ گېزىتى | 1972 ـ يىل |
| 6 | باھار بوۋاينىڭ كۆڭلىرى | ھېكايە | تارىم | 1975 ـ يىل 6 ـ سان |
| 7 | يىقىلماس بايراق | ھېكايە | تارىم | 1979 ـ يىل 6 ـ سان |
| 8 | تۆھپە | ھېكايە | تارىم | 1978 ـ يىل 3 ـ سان |
| 9 | كومباين | ھېكايە | تارىم | 1978 ـ يىل 10 ـ سان |
| 10 | دولان ياشلىرى | ھېكايە | تارىم | 1979 ـ يىل 10 ـ سان |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 11 | ئورمان مۇھاپىزەتچىسى | ھېكايە | شەبنەم | 1979 ـ يىل |
| 12 | قوبۇلخانىدا | ھېكايە | تارىم | 1980 ـ يىل |
| 13 | قەرزدار | ھېكايە | تارىم | 1980 ـ يىل 4 ـ سان |
| 14 | ناخشىچى | ھېكايە | ساداقەت توپلىمىدا | 1981 ـ يىل |
| 15 | خەزىنە | ھېكايە | ساداقەت توپلىمىدا | 1979 ـ يىل |
| 16 | قوشنىلار | ھېكايە | ئىلى دەرياسى | 1982 ـ يىل 5 ـ سان |
| 17 | تۆمۈر تاپان | ھېكايە | ئىلى دەرياسى | 1982 ـ يىل 3 ـ سان |
| 18 | ساداقەت | ھېكايە | ساداقەت توپلىمىدا | 1980 ـ يىل |
| 19 | مېھرىبان ئاتا | ھېكايە | ساداقەت توپلىمىدا | 1982 ـ يىل |
| 20 | بۆركۈت | ھېكايە | قۇمۇل ئەدەبىيات | 1984 ـ يىل 4 ـ سان |
| 21 | ئامەت | ھېكايە | تارىم | 1984 ـ يىل 1 ـ سان |
| 22 | ئايدىڭ كېچە | ھېكايە | تارىم | 1984 ـ يىل 9 ـ سان |
| 23 | تەكلىماكان گىرۋىكىگىچە | ھېكايە | قەشقەر ئەدەبىياتى | 1984 ـ يىل 4 ـ سان |
| 24 | مېھمىنىمنى ئەمدى تۈگەتتىم | ھېكايە | تارىم | 1984 ـ يىل |
| 25 | جىگدىلەر پىچىرلايدۇ | ھېكايە | ئىلى دەرياسى | 1985 ـ يىل 2 ـ سان |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 26 | تاغ كەپتىرى | ھېكايە | تۇرپان | 1985 ـ يىل 1 ـ سان |
| 27 | ئېھ! توپىلىق يول | ھېكايە | تارىم | 1985 ـ يىل 1 ـ سان |
| 28 | قۇمغا سىڭگەن، ھاۋاغا كەتكەن | ھېكايە | يېڭى قاشتېشى | 1985 ـ يىل 4 ـ سان |
| 29 | قۇم بارخانلىرى | ھېكايە | تۇرپان | 1985 ـ يىل 4 ـ سان |
| 30 | ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە | ھېكايە | تارىم | 1985 ـ يىل 11 ـ سان |
| 31 | بۇ يەر شۇنداق خىسلەتلىك | ھېكايە | تاڭرىتاغ (سىناق سان) | 1986 ـ يىل |
| 32 | خىيال ۋە سايە | ھېكايە | تارىم | 1986 ـ يىل 5 ـ سان |
| 33 | بوش كەلمە، تۇرپانلىق | ھېكايە | تۇرپان | 1986 ـ يىل 3 ـ سان |
| 34 | تارىم سۈيى كەينىگە ئاقمايدۇ | ھېكايە | تارىم | 1987 ـ يىل 3 ـ سان |
| 35 | بوران | ھېكايە | تەڭرىتاغ | 1987 ـ يىل 1 ـ سان |
| 36 | سىزىق ئادەملەرگىلا | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1988 ـ يىل 3 ـ سان |
| 37 | ئىشسىزلار تىخمۇ ئىشچان | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1988 ـ يىل 4 ـ سان |
| 38 | ئەرەب يېرىم ئارىلىدا | ھېكايە | باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر توپلىمىدا | 1988 ـ يىل |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 39 | باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر | ھېكايە | تەڭرىتاغ | 1992 ـ يىل 3 ـ سان |
| 40 | ھاجىم توغرىسىدا ئىغۋالار | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1989 ـ يىل 4 ـ سان |
| 41 | ئىنساپ | ھېكايە | ئىلى دەرياسى | 1989 ـ يىل 3 ـ سان |
| 42 | قەشقەر كوچىلىرى | ھېكايە | تەڭرىتاغ | 1991 ـ يىل 3 ـ سان |
| 43 | دولقۇنلار ساداسى (سەبرى) | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1991 ـ يىل 6 ـ سان |
| 44 | قۇياش ۋەھىمىسى | ھېكايە | قەرزدار توپلىمى | 1993 ـ يىل |
| 45 | قاراسۇ جىلغىسىدىكى كۆز يېشى | ھېكايە | تارىم | 1989 ـ يىل 12 ـ سان |
| 46 | قومۇشلۇقنىڭ چۈشى | ھېكايە | ئۇنتالمايمەن گۈلسارە توپلىمىدا | 1984 ـ يىل |
| 47 | راھەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 48 | كارامەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 49 | مۇھەببەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 50 | ھۆرمەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 51 | شىكايەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 52 | تاقەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 53 | غەيرەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 54 | ئامەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 55 | جاراھەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 56 | ھاماقەت | ھېكايە | قەرزدار توپلىمىدا | 1999 ـ يىل |
| 57 | چايخورلار | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1986 ـ يىل 3 ـ سان |
| 58 | كەنجى ئوغۇل | ھېكايە | تەڭرىتاغ ژۇرنىلى | 2000 ـ يىل 5 ـ سان |
| 59 | ھۆرمەت ئازابى | ھېكايە | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1991 ـ يىل |
| 60 | كاككۇك كېلىپ قونغاندا | ھېكايە | ئاقسۇ ئەدەبىياتى | 1984 ـ يىل 3 ـ سان |
| 61 | گۆھەرنىڭ بەختى | ھېكايە | تارىم | قەرزدار توپلىمىدا |
| 62 | زېمىن ۋە شەربەت | زىيارەت خاتىرىسى | تارىم | 1993 ـ يىل 11 ـ سان |
| 63 | ئاخىرلاشمىغان زىيارەت | زىيارەت خاتىرىسى | تارىم | 1994 ـ يىل 7 ـ سان |
| 64 | چاڭ ـ توزان ئىچىدىكى گۈزەللىك | زىيارەت خاتىرىسى | تارىم | 1992 ـ يىل 11 ـ سان |
| 65 | ياۋروپاغا سەپەر | زىيارەت خاتىرىسى | تارىم | 1988 ـ يىل 4 ـ سان |

## زوردۇن سابىرنىڭ نەشر قىلىنغان كىتابلىرى

| № | كىتاب نامى | تۈرى | نەشرىيات | نەشر قىلىنغان ۋاقىت |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاۋرال شامالرى | رومان | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى | 1981 ـ يىل 6 ـ ئاي |



| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2 | ئىزدىنىش | رومان | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى | 1983 ـ يىل 7 ـ ئاي |
| 3 | ئانا | رومان | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1994 ـ يىل 7 ـ ئاي |
| 4 | ئانا يۇرت | رومان | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 2000 ـ يىل |
| 5 | شەبنەم | ھېكايىلەر توپلىمى | | 1980 ـ يىل 7 ـ ئاي |
| 6 | جىگدىلەر پىچىرلايدۇ | ھېكايىلەر توپلىمى | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1985 ـ يىل 12 ـ ئاي |
| 7 | ئارچا ياپرىقى | پوۋېستلار توپلىمى | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1996 ـ يىل |
| 8 | باش ـ ئاخىرى يوق خەتلەر | ھېكايە زىيارەت خاتىرىلىرى | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1992 ـ يىل 3 ـ ئاي |
| 9 | قەرزدار | ھېكايىلەر توپلىمى | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1999 ـ يىل 10 ـ ئاي |
| 10 | گۈلەمخان | پوۋېستلار توپلىمى | شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1999 ـ يىل |
| 12 | خىرە دېرىزە | پوۋېستلار توپلىمى | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى | 1993 ـ يىل |
| 12 | ساداقەت | ھېكايىلەر توپلىمى | مىللەتلەر نەشرىياتى | 1983 ـ يىل |
| 13 | ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە | ھېكايىلەر توپلىمى | قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى | 1986 ـ يىل |

| № | | | |
|---|---|---|---|
| 14 | ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە (خەنزۇچە) | ھېكايىلەر توپلىمى | شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 2001 – يىل |

## زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ماقالىلىرى

| № | ماقالە نامى | مەتبۇئات | ئېلان قىلىنغان ۋاقت |
|---|---|---|---|
| 1 | مەن بېسىپ كېلىۋاتقان مۇساپە | تەڭرىتاغ | 1990 – يىل 1 – سان |
| 2 | ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش | تارىم | 1986 – يىل 1 – سان |
| 3 | دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۇ- رۇلگەن ئەسەر، ئەخەت تۇردىنىڭ رومانىنى ئوقۇپ | شىنجاڭ گېزىتى | 1990 – يىل 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى |
| 4 | يېزىش ئاسان، يازغۇچى بولماق تەس | شىنجاڭ گېزىتى | 1993 – يىل 2 – ئاينىڭ 20 – كۈنى |
| 5 | ئېسىل ئەسەرلەر توغرىسىدا ئويلى- غانلىرىم | قۇمۇل ئەدەبىياتى | 1996 – يىل 4 – سان |
| 6 | تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە نادىر ئەسەر يارىتىش توغرىسىدا | شىنجاڭ گېزىتى | 1996 – يىل 5 – ئاينىڭ 31 – كۈنى |
| 7 | تەنقىد ئەخلاقى توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز | | |



## زوردۇن سابىرنىڭ پوۋېستلىرى

| № | پوۋېست نامى | مەتبۇئات | ئېلان قىلىنغان ۋاقت |
|---|---|---|---|
| 1 | خەيرلىك ئىش | ئارچا ياپرىقى توپلىمىدا | 1982 – يىل 1 – سان |
| 2 | سۇبھى | تارىم | 1983 – يىل 3 – سان |
| 3 | ۋاپادارلىق | تارىم | 1980 – يىل 1 – سان |
| 4 | باھار ھامان ئىللىق | تارىم | 1984 – يىل 1 – سان |
| 5 | خىرە دېرىزە | تارىم | 1991 – يىل 6 – سان |
| 6 | گۈلەمخان | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1984 – يىل |
| 7 | ئاخىرقى پادىچى | تارىم | 1997 – يىل 11 – سان |
| 8 | سەھەردە كۆرگەن چۈش | چولپان | 1987 – يىل 1 – سان |
| 9 | سادا | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1997 – يىل 5 – سان |
| 10 | قېنى ئۇ باغلار | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1992 – يىل 3 – سان |
| 11 | تۇمان (سەبرى) | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1991 – يىل 5 – سان |
| 12 | يىگىلانغان ھاۋا (سەبرى) | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1992 – يىل 3 – سان |
| 13 | زامانداشلار | تەڭرىتاغ | 1994 – يىل 4 – سان |

**图书在版编目（CIP）数据**

祖尔东・沙比尔文学创作研究：维吾尔文/麦尔也木・库尔班等著.—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2008.10
ISBN 978－7－5631－2171－7

Ⅰ．祖… Ⅱ.麦… Ⅲ.①祖尔东・沙比尔—文学创作—文学研究—维吾尔语（中国少数民族语言）②维吾尔族—少数民族文学—文学研究—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 163562 号

**责任编辑**：阿布都许库尔・莫拉克・玉尔其
**责任校对**：克尤木・吐尔逊
**封面设计**：苗莉

# 祖尔东・沙比尔文学创作研究

**麦尔也木・库尔班**
**编著：阿布力克木・阿布都热合曼**
**夏丽帕・吾甫尔**

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮编：830046）
乌鲁木齐得贝尔印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 6.25 印张
新疆新华书店经销
2008 年 10 月第 1 版 2008 年 10 月第 1 次印刷
印数：0001～3000 册

ISBN 978－7－5631－2171－7
**定价**： 17.00元

| | | | |
|---|---|---|---|
| 14 | قۇم ئارشاڭ | تەڭرىتاغ | 1997 - يىل 1 - سان |
| 15 | كەچ كۈز | شىنجاڭ مەدەنىيىتى | 1990 - يىل 1 - سان |
| 16 | ئارچا ياپرىقى | ئارچا ياپرىقى توپلىمىدا | 1984 - يىل |

## زوردۇن سابىرنىڭ رومانلىرى

| № | كىتاب نامى | ژانىر | مەتبۇئات | نەشر قىلىنغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | ئاۋرال شاماللىرى | رومان | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى | 1980 - يىل |
| 2 | ئىزدىنىش | رومان | شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى | 1983 - يىل |
| 3 | ئانا | رومان | شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 1994 - يىل |
| 4 | ئانا يۇرت | رومان | شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | 2000 - يىل |